Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

فەن جىپىلىك قاتارلىقلار

# مۇستەقىللىق داۋاسىمۇ، بۆلگۈنچىلىك ماجىراسىمۇ؟

( ئەمەلىي مىسالىلار قىسمى )

تەرجىمە قىلغۇچى: داۋۇت ئوبۇل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1999 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1999 ـ يىل 7 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆人民出版社 1999年 4月第一版, 1999年 7月第二次印刷版本翻译出版.

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور: سەنەم ئىبراھىم

# مۇستەقىللىق داۋاسىمۇ، بۆلگۈنچىلىك ماجىراسىمۇ؟

ئاپتورى: پەن جىپىڭ قاتارلىقلار
تەرجىمە قىلغۇچى: داۋۇت ئوبۇلقاسىم

* * *

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر؛ 1 / 32
باسما تاۋاق: 6.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN7 — 288 — 06826 — 2 / D · 739
باھاسى: 10.00 يۈەن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

**بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا: مىللىي دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى** ........ 1
ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ........ 2
چار رۇسىيە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ........ 10
مىللەتلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈشى ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ........ 21
تارىخنىڭ باھاسى ........ 35
**قازاقىستاندىكى مىللىي مەسىلىنىڭ تۈگۈنى** ........ 43
قوش دۆلەت تەۋەلىكى ھەققىدە ........ 44
ئىككىنچى دۆلەت تىلى مەسىلىسى ھەققىدە ........ 54
مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى ھەققىدە ........ 61
چىقىش يولى ۋە ئىستىقبال ........ 65
**يۇگوسلاۋىيە: ئايىغى چىقمىغان يەنە بىر تەجرىبە مەيدانى** ........ 71
سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى مىللىي تەرەققىيات — بىر دۆۋە مۇرەككەپ مىللىي چىگىشلار ........ 72
يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى: ھېچكىمنى رازى قىلالمىغان دۆلەت ........ 76
يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى مىللىي جۇمھۇرىيەت شەكلىنىڭ يەنە بىر مەيدان تەجرىبىسى ........ 80
تىتو: «فاندولا قۇتىسىنى قامااللىغان تۆمۈر قاچا» ........ 82
80 — 90 - يىللاردىكى يۇگوسلاۋىيە كرىزىسى ۋە فېدېراتسىيىنىڭ پارچىلىنىشى ........ 113

يۇگوسلاۋيه كومپارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزىرىيىسى ۋە
ئەمەلىيىتىگە تارىخىي باھا ······ 124
**زامانىمىزدىكى مىللىي توقۇنۇشلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك** ······ 134
كورتلارنىڭ تراگېدىيىسىگە قانچىلىك بولدى؟ ······ 134
سىرى لانكا: يارىششتىكى توسالغۇ ······ 140
پاكىستان: «بىر. ئىككى. بىر چەمبىرىكى» ······ 147
ئىسپانىيە باسكلار: بايىاشاتلىقتىن كېيىنكى تېخىمۇ
ئۆتكۈرلەشكەن مەسلە ······ 155
كاپادا كوبېك مەسلىسى: پەقەت تىل مەدەنىيىتى
مەسلىسى ······ 160
**ئافرىقا: مىللەتنى پۈتۈنلىگۈچىلەرنىڭ ۋە سال تاپالمايۋاتقان ئارزۇسى** ······ 172
ئافرىقىدىكى چېگرا ماجىرالىرى ······ 173
چوڭ كۆل رايونىدىكى مىللەت ۋە چېگرا مەسلىسى ······ 190
ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا مەسلىسىگە بولغان
پوزىتسىيىسى ······ 201
خۇلاسە ······ 205

# بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا: مىللىي دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

«ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەر كاللىدا ھەر خىل. مەزكۇر ئەسەردە كۆزدە تۇتۇلىدىغان «ئوتتۇرا ئاسىيا» بۈگۈنكى كۈندىكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستان، تاجىكىستاندىن ئىبارەت بەش دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ياۋروپا ـ ئاسىيادىكى تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بەلۋاغ، كۆپ قۇتۇپلۇق مەدەنىيەتنىڭ گىرەلىشىدىغان تۇگۇنى شۇنداقلا، تۈرلۈك مىللەتلەر، قەبىلىلەر ئۆتىدىغان كارىدور. تارىختا بۇ زېمىننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە بىر قىسىم خانلىقلار، خاقانلىقلار بولغان. ئەمما ھېچقاچان مۇقىم ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەت شەكىللەنگەن ئەمەس. ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، بۇ يەر چار پادىشاھ ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە چار پادىشاھ يىمىرىلگۈچە بۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى شۇ قەدەر مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنكى، ھەتتا ئالىملارمۇ ئېنىق ئايرىۋالالماس بولۇپ كەتكەن، ئەمما يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارىخلار مابەينىدە مىسلىي كۆرۈلمىگەن «مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش»، «مىللەتلەرنى ئايرىۋاشلاش» نى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئېلىپ باردى ۋە ناھايىتى تېزلا بەش مىللىي جۇمھۇرىيەتنى تەشكىللىدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئەنە شۇ بەش جۇمھۇرىيەت

بولمىغان بولسا، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. مەزكۇر ماقالىدە، مۇزاكىرە قىلىنىدىغىنى بۇ بەش جۇمھۇرىيەتنىڭ قانداق ئاساس ۋە شارائىتتا قانداق تەشكىللەنگەنلىكى.

## ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخي تەرەققىياتى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخي تەرەققىياتىنى كۆرۈش زۆرۈر.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تارىختىن بۇرۇنلا ئىنسان پائالىيەتلىرى بولغان. ئارخېئولوگ ۋە ئىنسانشۇناسلار تەتقىقاتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسىنى ئالبا ياكى ئارىيان ئىرقى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلار يېرىك ھىند - ياۋروپا تىلى، كونكرېت ئېيتقاندا، شەرقىي ئىران تىلى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاھالە تۇغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردە ئويۇلغان كاخشى رۇستەم تاش ئابىدىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ساكلار تىلغا ئېلىنغان. ساكلار تۇغرىسىدىكى تارىخ مۇجمەل. گرېك تارىخچىسى ھىراكلىت مۇنداق دېگەنىدى: «پارسلار بارلىق ساكتايلار، غەربىي تۇرالارنىڭ ھەممىنى ساكا دەيدۇ». ئەمما ھىراكلىتنىڭ ئەسىرىدە، ساكلار بالتىق دېڭىزى ۋە شىمالىي، جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرى ۋە شەرقتىكى بارلىق دەسلەپكى چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدەك تۇرىدۇ. سوۋېت ئالىمى زافلوف تەتقىق قىلىپ: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى ئاھالىسى كەم دېگەندە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىلى غەربىي تۇرالار قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. غەربىي تۇرالار تىلى بىلەن تاجىك تىلى تۇپ سۆز ۋە

گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. يەنى ئېنىقكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى، دەيدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەنە بىر ئاساسىي مىللىي تەركىب تۈركىي تىللىق مىللەتلەر. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە تۈركلەر ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇب ئېتىكىدە باش كۆتۈردى. باشتا ئۇلار ئاۋارلارغا بويسۇناتتى، كېيىن تېلىلار ئاۋارلارنى يوقىتىپ تۈرك قاغانلىقىنى تىكلىدى. ئالتۇن دەۋرلىرىدە ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە قىتان زېمىنىگىچە، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە يەتتى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە شەرق ۋە غەرب ئىككى بۆلەككە پارچىلاندى: بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي، غەربىي تۈركلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى ۋە ئاخىرىدا تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى. ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەنمىدى. ئەمما تۈركلەر ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخ كىتابلىرىدا ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش تۈركلەر تۈركىي تىللىق كىشىلەرنى كۆرسىتەتتى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئەسىردە بىرمۇنچە قەبىلىلەرنىڭ تۈركلەر بىلەن ئوخشاش سۆزلەيدىغىنىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا «تۈرك» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. 10 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىلغان ئەسەرلەردىن «ھودۇدۇل ئالەم» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىدىقۇت شىمالىي ئاستانىدە توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا خاككاسلار، قەشقەر تەرەپتە ياغمىلار، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا قارلۇقلار، چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا تۈركەشلەر، سىر

دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يەمەكلەر، ئىچكى دېڭىزنىڭ شىمالىدا گاسارلار، پەچەنەكلەر، مازار، قىپچاق قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايتتى.

يىرىك شەرقىي ئىران تىلى بولغان تاجىك ئاھالىسىگە سېلىشتۇرغاندا، تۈركىي تىللىق قوۋملەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كېيىنرەك كەلگەن. ئەمما تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كۆچۈپ كېلىشى ۋە بۇنىڭ بىلەن باغلانغان تۈركلىشىش تەرەققىياتى ئاخىرقى ھېسابتا، تاجىك يەرلىكلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بەكرەك ئۈستۈنلۈككە ئىگە مىللىي تەركىب بولۇپ قالغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرىگە ئەگىشىپ «تۈركىستان» دېگەن بۇ نام «تۈرك زېمىنى» دەيدىغان مەنىنى بېرىدىغان بولغان. بۇ نامنىڭ كېڭىيىشى «تۈركلەر» پائالىيەت قىلغان رايونلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. 19 ـ ئەسىردە چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىستان ۋالىي مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. بۇ مىللىي جۇغراپىيىۋى ئۇقۇمنى سىياسىي جۇغراپىيىۋى ئۇقۇمغا ئايلاندۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ناھايىتى مۇرەككەپ. بۇ قازاق، ئۆزبېك، تۈركمەن، قىرغىز ۋە تاجىك دەيدىغانناملارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا روشەن كۆرۈلىدۇ.

تاجىك ئالىملار «پارسلار دەسلەپ بويسۇندۇرغۇچى بولغان ئەرەبلەرنى تاجىك دەپ ئاتىدى. كېيىن بۇ نام ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز قېرىنداشلىرىغىچە كېڭىيىپ باردى. تۈركلەر ئولتۇراقلاشقانلىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى مىللەت ئايرىماستىن تاجىك دەپ ئاتىدى. ئەرەب ئىستېلاچىلىرى يەرلىكلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، تاجىك دېگەن بۇ نام پارسلارنى كۆرسىتىدىغان فىلولوگىيە سۆزلۈكىگە

ئايلاندى. تۈركلەرنىڭ تەسىرىدە پارسلارمۇ ئۆزىنى تاجىك دەيدىغان بولدى، بۇ نام ئەرەبلەرگە قارىتىلىشتىن قالدى» دېدى.

ئۆزبېك بىلەن قازاق يېقىنقى زامانلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاساسىي ئىككى مىللەت. ئۆزبېك نامى ئالتۇن خانلىقىدىكى ئۆزبېك خان (1312 — 1342) نىڭ نامىدىن كەلگەن. 13 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدە يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردا ئالتۇن خانلىقنى ئۆزبېك ئۇلۇسى دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئۆزبېك ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇن خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان، ئارال دېڭىزى بىلەن كاسپى دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردىكى ئاق ئوردىنى كۆرسىتەتتى. 15 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاق ئوردىدىكىلەردە بۆلۈنۈش بولدى. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئۇلۇستىن ئايرىلىپ چۇ دەرياسى بويلىرىغا كۆچتى. يەنى مۇشۇ چاغلاردا «قازاق» دېگەن بۇ نام كۆرۈلۈشكە باشلىدى. «قازاق» دېگەن بۇ سۆز دەسلەپتە ئۆز ئۇلۇسىدىن بۆلۈنۈپ، تەۋەككۈلانە كۆن ئۆتكۈزىدىغانلار يەنى ئەركىن دېگەن مەنىنى بېرەتتى [ ھەقىقەتەنمۇ بابۇر ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە «قازاقلىق ۋە قەترەتلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە مەن بىلەن بىللە بولدى. ( «بابۇرنامە» 19 - بەت ) دەپ جۈملە ئىشلەتكەن —— ت ] . ئالىملار تەكىتلەيدۇكى، ئەينى چاغدا قازاقلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى پەرق تېخى شەكىللەنمىگەندى. قازاقنىڭ 16 - ئەسىردىكى مەنىسى ئەركىلەر بولسا 17 - ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن قازاقلارنىڭ نامى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەرقانداق بىر مىللەتكە تەۋە بولغان ئەركىلەرنىڭ نامى بولۇشىمۇ مۇمكىن. 16 - ئەسىردە ئۆزبېكلەر شىمالىي يايلاقلارنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە تەدرىجىي ھالدا ئولتۇراقلىشىپ يەرلىكلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن

ئۆزبېكلەر شەكىللەندى. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە شىمالدىكى يايلاقلاردا يۈرگەن ئەركلەر قازاقلاردىن تەلتۆكۈس چەك - چېگرا ئاجراتتى. شۇنداق قىلىپ چارۋىچىلىقتا مۇستەھكەم تۇرغان قازاقلار بىلەن ئولتۇراقلىشىۋاتقان ئۆزبېكلەر ياتلىشىپ ئايرىم - ئايرىم ئىككى مىللەتنى پەيدا قىلدى. يەنى ئىككى خىل ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئۆزبېك بىلەن قازاقنى بىر - بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان ئىككى مىللەت قىلغان ئاساس بولدى. دېمەك، ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى ئولتۇراقلىشىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ نامى مىللەت نامىغا ئايلاندى ياكى ئۆزبېكلەر ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى يېڭى بىر مىللەتكە بەردى.

قىرغىز ۋە تۈركمەن. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى چارۋىچى مىللەتلەر. ئۇلار تەڭرىتاغ رايونلىرىغا ۋە جەنۇب بوستانلىقلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىگە تارقالغان. قىرغىزلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خاككاسلاردىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە خاككاسلار دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى قىرغىز دەپ ئاتايدىغانلارنىڭ تۈرلۈك تەرجىمىۋى ئاتالمىسى، بۇ قوۋم جەنۇبقا سۈرۈلۈپ تەڭرىتاغلىرىدا قارلۇق قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئارىلىشىپ، يېڭى بىر مىللەت قىرغىز بولۇپ شەكىللەنگەن. تۈركمەنلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى 9 ـــ، 10 ـــ ئەسىردىكى شىمالدىن كۆچۈپ كەلگەن ئوغۇزلارغا، كېيىن تۈركمەن دەپ ئاتالغانلارغا باغلاشقا بولىدۇ. قىرغىزلارغا ئوخشاش ئۇلارمۇ جەنۇبقا سۈرۈلۈپ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئارىلاشتى. خاككاس، تۈركمەنلەر ئۆزبېكلەرگە ئوخشاش ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى يېڭىدىن پەيدا بولغان مىللەتكە بەردى.

ئوخشمايدىغىنى پەقەت ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى تېرىقچىلىقتا كۆچكەندىن باشقا، كۆپ قىسمى يەنىلا تاغ تىزمىلىرىدا كۆچمەنلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشتە مۇستەھكەم تۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇرەككەپلىك، يەنى 16 ـ ئەسىردىن تارتىپ ھەتتا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردا گەرچە مىللىي پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما كەسكىن پەرقلەندۈرۈش ۋە مىللەتلەرنى ئىلمىي بېكىتىشنىڭ بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مىللەت نامىدىكى مۇجمەللىكتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا قازاندا نەشر قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ئەسىرى «شەرق تارىخى» دا فەرغانە تىلىغا ئېلىنغاندا ئاساسلىقى سارت ۋە قىرغىز دېگەن ناملارلا ئۇچرايدۇ. رۇس ئېتنوگرافىيە ئالىملىرى ئۆزبېكلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى سۆزلىگەندە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا «قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاق ناملىرىلا بار ئىدى، ئېنىق مىللەت نامى يوق ئىدى، ئۆزبېكلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى قوبۇل ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قازاق تىلىدىكىلەر قۇراما شەھىرىدىكى ئۆزبېكلەر، تاجىكلارنى سارتلار دەيتتى» دەيدۇ.

سارت، قىپچاق، قۇرۇما ئەينى چاغدىكى چېلىقىشلىق ئاتالغۇلار بولۇپ، ھازىر ئۇنتۇلدى. ئادەتتىكى ئادەملەر بىلمەيدۇ، بۇ يەردە بۇ توغرىدا سۆزلىمەيمىز.

سارت دېگەن سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى سودىگەر دېگەنلىكتۇر. كېيىن ئۇ ئولتۇراقلاشقانلارنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولغان. مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى دەسلەپ سودىگەر سالاھىيىتىدە، شىمال يايلاقلىرىغا كەلگەن. قالماقلار، شۇنىڭلىق بىلەن ئۆز يېرىگە كەلگەن تاجىكلارنى سارت دەپ

ئاتىغان. چارۋىچى تۈركلەر قالماقلارنى دوراپ تاجىكلارنى سارت دەيدىغان بولغان. بۇ چاغدا سارت بىلەن تۈرك قارمۇ ـ قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كۆچمەنلەر بىلەن ئولتۇراقلاشقانلار پەرقلەندۈرۈلەتتى. بۇ چاغلاردا تۈرك دېگەن بۇ نام يەنە ئولتۇراقلاشقان سارتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دېگەن مەنىدىنمۇ بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا كېيىنچە ئولتۇراقلاشقان تۈركلەر ئۆزلىرىنى سارت دەپ ئاتىمىدى. 16 ـ ئەسىردە ئۆزبېكلەر جەنۇبقا سۈرۈلۈپ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردىكى تاجىكلار ۋە ئۆزىنى سارت دەپ ئاتىمىغان تۈركلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ ئىككىسىلا سارت ئىدى، ئەمما جەنۇبقا كەلگەن مۇشۇ ئۆزبېكلەر بارا ـ بارا ئولتۇراقلاشتى ھەم يەرلىكلەشكەن تۈركلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆزبېكلەرنى شەكىللەندۈردى. شۇنداق قىلىپ يايلاقلاردا قالغان قازاقلار ئەمدى ئۆزبېك، تاجىك ھەتتا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى بىراقلا سارت دەيدىغان بولدى.

قىپچاقلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىن كەلگەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغقا يېقىن جايلاردا ياشاپ يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە ئۇلار زىل قەبىلىسۋى تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەندى. ئالاھازەل مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن ئاخىر ئۆزبېك ۋە قىرغىزلاردىن بۆلۈنۈپ چىقتى.

قۇراما مەنىسى شالغۇتلار دېگەندىن ئىبارەت. 19 ـ ئەسىردە قازاقلاردا چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك يۈزدىن باشقا كۆپلىگەن قانداشلىق شالغۇت قەبىلە ـ قۇرام بار ئىدى، كېيىن بۇ قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېكلەرگە سىڭىپ كەتتى.

ئومۇمەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

مىللەتلەرنىڭ تۈرلىنىشى ۋە بىرىكىشى يەنىلا جانلىنىپ كېتىپ باراتتى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى چېگرا تولىمۇ تۇتۇق ئىدى. مۇرەككەپلىكتە شۇنچىلىك دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇلارنى ئالىملارمۇ ئايرىپ كۆرسىتەلمەيتتى.

مەسىلەن، رۇسلار سىبىرىيىگە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىلا بارلىق چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىز دەپ ئاتىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا رۇسلار يەنە قازاقلارنى خاتا ھالدا قىرغىزلار دەپ يۈردى، قىرغىزلارنى بولسا، قارا قىرغىز دەپ ئاتىدى. 1926 ــ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن بۇ خاتالىق تۈزىتىلدى.

يەنە مەسىلەن، ستالىننىڭ 1921 ــ يىلىدىكى بىر دوكلاتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رۇستىن باشقا مىللەتلەر مۇنداق ئاتالغان، قىرغىزلار (ئەمەلىيەتتە قازاق ۋە قىرغىزلارنى كۆرسىتىدۇ)، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنىيىلىكلەر (تۈركمەنلەر)، تاجىكلار، بۇخارالىقلار، شىۋالار. بۇخارا ۋە شىۋا، ئۆزبېكلەر 16 ــ ئەسىردە قۇرغان خانلىقلاردىكى بۇخارالىقلار، شىۋالىقلار دەپ ئاتالغان خانلىق پۇقرالىرىنىڭ نامى بولۇپ، مىللەت نامى ئەمەس ئىدى. ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنى ئاتاشتىكى قالايمىقانچىلىقتىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بۈگۈنكى زامان مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تېخى ناھايىتى يىراق ئىدى، ئەلۋەتتە. مىللىي دۆلەتتىن ئېغىز ئاچقىلى ئەسلا بولمايتتى.

## چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى 16 - ئەسىردىن باشلانغان. ئەمما ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى، مىللىي تەرەققىياتنىڭ ئاستىلىقى تۈپەيلىدىن چاررۇسىيە بېسىۋالغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىيا ھېچقاچان يېقىنقى زامان دۆلىتىنى شەكىللەندۈرەلمىگەن.

موڭغۇللار بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى يايلاقلار چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىنىڭ ئەۋلادلىرى بەرپا قىلغان ئالتۇن ئوردىغا تەۋە بولدى، ئاتالمىش ئالتۇن ئوردا دېگىنىمىز، باشتىن - ئاخىر تۈرك، موڭغۇل قەبىلىلىرى تۈزۈمىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي بوستانلىقلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەۋە بولدى. چاغاتايلار بىر مەزگىل بۇ كەڭ زېمىندا خاقانلىق قىلدى، ئەمما ئۇلار بۇ زېمىنلارنى پەقەت ئۆزلىرىگىلا باج تاپشۇرىدىغان مەنبە دەپ بىلەتتى، ئەمەلىي ئىگىلىك ئىشلىرىغا قىزىقمايتتى. دۆلەت ئېڭى پەقەتلا يوق دېيەرلىك بولاتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزئارا جەڭگە - جېدەل قىلىشاتتى ۋە بوستانلىقلاردىكى خەلقلەرنى قىلچە رەھىم قىلماستىن بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىن قىلاتتى. چاغاتاينىڭ ئوغلى بۇراقخان (1270 — 1264) ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىلىك خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئىگىلىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۆلۈنۈشتىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈردى ھەم ئۆزىنىڭ ئىستېلاچىلىقىنى غەربىي

ئاسىيادىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى، ھىندىستاندىكى دېھلى سۇلتانلىقى ۋە ئالتۇن ئوردا زېمىنلىرىغا قاراتتى. ئەمما دۇنيانى بىردەملىك زىلزىلىگە سالغان ئەمىر تۆمۈر ئىمپېرىيىسى پەقەت پاللىدا ئېچىلىپ توگەيدىغان بىر گۈلدەك خانلىق ئىدى. ئەمىر تۆمۈر ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، يەنىلا ئاتلىق ئىستېلاچى بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن زېمىنلارنى ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە بۆلۈپ بېرىۋەتتى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ بۆلۈنمىلەر ئۆز ئالدىغا سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئۆزئارا دۈشمەنلەشتى، جەڭگە - جېدەل بىسىقمىدى. پۈتكۈل ئىمپېرىيە ئەمەلىيەتتە پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىمپېرىيىسى پەقەت ئائىلە نۇسخىسىدىكى باشلانغۇچ فېئودال دۆلەت ئىدى.

16 - ئەسىردە ئۆزبېك ئۇلۇسى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، بۇ ئۇلۇسنىڭ ئەسلىدىكى يايلاقلىرىدا پەيدىنپەي چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك قازاق يۈزلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدا ئۆزبېك، بۇخارا شىۋا، قوقاندىن ئىبارەت ئۈچ خانلىق پەيدا بولدى. قازاقلار باشتىن - ئاخىر ئەنئەنىۋى قانداشلىق ئاساسىدىكى قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلىدى. بۇ تۈزۈم ئاۋۇل - ئاتا - چىدىر (ئۆرلى) قوۋم - ئۇلۇس - يۈز - خاقان دېگەندەك ھالقىلاردىن تەشكىللىنەتتى. ئاۋۇل قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولغان ئون ئۆيلۈك چارۋىچىدىن تەشكىللەنگەن، ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي تەشكىل ئىدى. خاقان نەزەرىيە جەھەتتىن پۈتكۈل قازاقلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇپ، يايلاق قەبىلىلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە چوقۇم چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن سايلىناتتى. ئەمما، قازاقلار ئۈچ يۈزگە ئايرىلغاندىن كېيىن، يۈز ئاقساقىلى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن خاقان دەپ ئاتىلىپ ئۆزئارا بويسۇنمىدى. خاقان نامدا بار،

كۆچى يوق بولۇشتىن يوقىلىشقا يۈزلەندى. قازاق قەبىلىلىرى چارۋىچىلىق جەريانىدا كۆچۈپ يۈرگەچكە، ھەرقايسى يۈزلەرنىڭ خانلىرى پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قايسى قەبىلىلەرنى باشقۇرىدىغىنىنى چالا ـ بۇلا بىلەتتى، مۇقىم چېگرىسى يوق ئىدى. ئۆزبېك ئۇلۇسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا كەلگەندىن كېيىن، باشتا بۇخارا ۋە شىۋا خانلىقىنى قۇردى. بۇنىڭدىمۇ خاقان چوقۇم چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، خاقاننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى دائىم نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالاتتى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھوقۇقلۇق ئاقسۆڭەكلىرى خالىغانچە خاقانلارنى ئالماشتۇراتتى. تارىختا بۇ «خانلىق ئويۇنى» دەپ ئاتىلاتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆزبېكلەرنىڭ قوڭغىرات قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەك ئەلى ئەزەم مۇنداق قورچاق خان تىكلەيدىغان ئويۇنغا خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنى شىۋاخان دەپ ئاتاشقا باشلىدى. مانا مۇشۇ شىۋا قوڭغىرات خانلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا 1920 ـ يىللىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆزبېكلەرنىڭ مەركىت قەبىلىسىدىن بولغان ئاقسۆڭەك مۇھەممەت ھاشىم چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان بىر قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئەينى يىللاردىكى ئەمىر تۆمۈر يوسۇنىدا كۈيئوغۇللۇق سالاھىيەتتە خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى، ئۆزىنى پەقەت ئەمىر دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكى دەپ ئاتالدى. بۇ ئەمىرلىكمۇ 1920 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتى. قوقان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۆزبېكلەرنىڭ مەڭگو قەبىلىسىدىن بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باش كۆتۈرگەنىدى. پەقەت بەگ ياكى بىي سالاھىيىتىدىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئائىلە نەسەبىنى چىڭگىزخان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلايدۇ. بۇ نەسەبنامە

ئەلۋەتتە يالغاندۇر. ئەمما ئۇ يەنىلا ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئاڭنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئالىملار نازۇك بايان بېرىپ: ئۆزبېكلەر يېڭى مۇھىتتا پەقەت چىڭگىزخاننىڭ نامىنىڭ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ بەزى قەبىلە پرىنسىپلىرىنى سۇپۇرۇپ تاشلاشتىن دېرەك بەرمىدى. بەلكى ئۇلار بۇ پرىنسىپلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، يايلاقتىكى چارۋىچى قەبىلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنلۇقى بىلەن شەرىئەتتىن بولغان شالغۇت بىر نەرسىنى پەيدا قىلدى، دەيدۇ. كۆپ قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن تۈركلىشىشى بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى، ھەر ئىككىسىلا ئۇزاق زامانلارنى بېسىپ ئۆتتى. ئوخشىمايدىغىنى ئالدىنقىسى، جەنۇبتىن شىمالغا بولدى؛ كېيىندىكىسى، شىمالدىن جەنۇبقا بولدى. 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا چارۋىچىلىرى بولغان قازاق، قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا كىرىدى. گەرچە ئۇلار ئۇنچىۋالا تەقۋادارلاردىن بولمىسىمۇ، ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغان تاجىكلار تۈرك تىلىدىكى ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن تېخىمۇ جەنۇبتىكى شەھەر ـ قىشلاقلارغا قىستىۋېتىلدى. ئوغۇزلاردىن بولغان سالجۇق تۈركلىرىنىڭ بىر تارمىقى كىچىك ئاسىيادا دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، ئىسلام خەلىپىلىكى بىلەن ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارنى توپلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى ئۆزبېك خانلىقلىرى ئۆزئارا جەڭگە ـ جېدەلگە پاتتى ۋە ھودۇققان ھالدا بەس ـ بەس بىلەن تۈركىيە سۇلتانلىقىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، بۇ چارروسىيە بېسىپ كىرگۈچە داۋاملاشتى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا قەدەممۇقەدەم بېسىپ كىردى. بۇ يۈز يىلغا سوزۇلغان

ھەربىي ئىستېلاھ پائالىيىتى ئىدى.

شىمالدىكى قازاق يايلاقلىرى چارروسىيە ئەڭ دەسلەپتە بېسىۋالغان رايون ئىدى. دەسلەپ چارروسىيە ئەلچى ئەۋەتىش، قىزىقتۇرۇش، تەھدىت سېلىش ۋاسىتىللىرى بىلەن ھەرقايسى قازاق قەبىلىلىرىنى «ئۆزلۈكىدىن» بېقىندۇردى. ئاندىن ئۇلار دەرياسى، ئورېبۇرگ دەرياسى، ئېرتىش دەرياسىدىن ئىبارەت تۆت كازاك ھەربىي لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇ لىنىيە 3500 كىلومېتىرغا يېتەتتى. پۈتۈن لىنىيە بويىچە قازاق يايلاقلىرىدا ھەربىي ئىستېلا ئېلىپ باردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك يۈزلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلدى. «1822 ـ يىلىدىكى غەربىي سىبىرىيە قىرغىز شەرتنامىسى» ۋە «1822 ـ يىلىدىكى ئورېبۇرگ قىرغىز شەرتنامىسى » ئارقىلىق قازاق يايلاقلىرىنى ھەربىي ۋالىيلىقى بىلەن ئىدارە قىلدى.

ئەسلىدىكى قازاق ئوتتۇرا يۈزى تويولىسكىيدا تۇرۇشلۇق (1839 ـ يىلى ئومىسكىيغا يۆتكەلگەن) غەربىي سىبىرىيە ۋالىيسىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىدا سەككىز ئوبلاست قۇرۇلدى. ئۇلار: قارا كالانىسكىي (1824 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىرقى قاراگاندا ئوبلاستىدا) كىسمىل (1824 ـ يىلى قۇرۇلغان) ، ئاياكۆز (1831 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىرقى ئاقموللىدا) ، ئامان ـ قالاگە (1832 ـ يىلى قۇرۇلغان) ، يايان ئاۋۇل (1833 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىرقى پاۋلودار ئوبلاستىدا) ، ئۈچ بۇلاق (1833 ـ يىلى قۇرۇلغان) ، كوكبەكتى (1844ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىرقى، سىپالاتىنىسكتا) لەردىن ئىبارەت.

ئەسلىدىكى قازاق كىچىك يۈزى ئورېبۇرگۋالىيسىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇپ ئۈچ سۇلتانلىققا ئايرىلدى. غەربىي

قارام يەرلەر يىلقى دەرياسى، تېمىر دەرياسىدىن ئومىسكىي دېڭىزىغىچە بولغان رايونلار بولۇپ تەخمىنەن بۇگۈنكى ئاقتۆپە دائىرىسىدۇر. ئوتتۇرا قارام يەرلەر رايونلار تويىر، توققۇزاق، ئايات رايونلىرى بولۇپ، تەخمىنەن ھازىرقى قۇستاناغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي قارام يەرلەر سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى ۋە شەرقىي شىمال تەرىپى بولۇپ، تەخمىنەن بۇگۈنكى قىزىل ئوردىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا 5000 ئۆيلۈك ۋە ئىدىل دەرياسى ئارىسىدىكى يايلاقلارغا كۆچۈرۈلۈپ، بىۋاسىتە چار پادىشاھنىڭ ئىدارىسىدە بولىدىغان بوكەخان خانلىقىنى قۇردى. ئۇلار دەسلەپ ئورىبۇر گەھەربىي ۋالىيسىغا بېرىلدى، كېيىن ئاستىرخان ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى چارروسىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چىن زېمىنىغا ۋە سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قېشىدىكى قازاق چوڭ يۈزىنىڭ يايلاقلىرىغا يۈرۈش قىلدى. بۇ زېمىندا يەتتىسۇ ۋە سىر دەرياسى ۋىلايەتلىرىنى تەشكىللەپ، يېڭى قۇرۇلغان تۈركىستان ئۆلكىسىگە تەۋە قىلىندى. كېيىن تۈركىستاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. 1968 ـ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى «يايلاقلارنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى تۈزدى، ئەسلىدىكى قازاق كىچىك يۈزى يايلاقلىرىدا تورگاي ئوبلاستى تەشكىللىنىپ ئورىبۇرگقا تەۋە قىلىندى. ئەسلىدىكى قازاق ئوتتۇرا يۈزىدە ئاقموللىسكىي سىپالاتىنسك ئوبلاستى تەشكىللەپ، غەربىي سىبىرىيە باش ۋالىيسىغا تەۋەلەندى. 1891 ـ يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى يەنە «يايلاقلاردىكى ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرى» نى ئېلان قىلىپ ئۇرالىسكىي، تورگاي، ئاقموللىسكىي، سىپلاتىنىك يەتتىسۇ ۋىلايىتى (1897 ـ يىلى قايتا تۈركىستان باش ۋالىيسىغا تەۋە قىلىنغان) يايلاق

مەھكىمىسى ئىدارە قىلىدىغان بولدى. تورغاي، قارام رايونلىرىدىكى ئوبلاستلار رۇسىيىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىكى ئۆلكىلەر بىلەن تەڭداش ئىدى. ئوبلاستتىن كىچىكى يېزا، كەنت بولۇپ بۇلار يەر ئاساسىدا تەشكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن قازاقلاردىكى چارۋىچىلىق ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئۇلى — قەبىلىۋى تۈزۈم چەك - چېكىدىن ئاجراپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى قازاقلار رايونلىرىغا بولغان ئىستېلاسىنىڭ ھەربىي، سىياسىي قۇرۇلۇشلىرىنى ئاساسەن تاماملىدى.

چارروسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىنى بېسىۋېلىشى 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى باشلاندى. 1864 - يىلى چارروسىيە ئارمىيىسى سىر دەرياسى ۋە ئالمۇتا يۆنىلىشلىرى بويىچە قوقان خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم بازا چىمكەنتكە ھۇجۇم قىلدى. شۇ يىلى (1865 - يىلى) قوقان خانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا شەھىرى تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلدى، 1867 - يىلى تاشكەنتتە تۈركىستان باش ھەربىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي ئىستېلا بازىسى ئوربېبۇرگدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكىگە كۆچتى.

1866 - يىلى چارروسىيە ئارمىيىسى بۇخارا ئەمىرلىكىدىكى ئۆرگەنچنى ئىگىلەپ توغرىدىن - توغرا بۇخارا بىلەن قوقان ئارىسىدىكى مۇھىم بازا — قارشىنى ئىگىلىدى. 1868 - يىلى سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ، بۇخرا ئەمىرلىكىنى تەسلىم بولۇشقا قىستىدى ۋە سەمەرقەنت كېسىپ بېرىلدى. بۇخارا ئەمىرلىكى چار رۇسىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ تۈركىستان باش ۋالىيسى مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى. سەمەرقەنتتە سەمەرقەنت ئوبلاستى تەشكىللىنىپ، تۈركىستان مەھكىمىسىگە تەۋە بولدى.

1873 ـ يىلى چارروسىيە ئارمىيىسى تۈركىستان، ئورېنبۇرگ، كاۋكازدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە بويىچە شىۋا خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. شىۋا خانلىقى تەسلىم بولۇپ چارروسىيىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ تۈركىستان باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. چارروسىيە شىۋا خانلىقىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى زېمىنلىرىنى كېسىۋېلىپ، ئامۇ دەرياسى رايونى قىلدى. مەزكۇر رايون ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي بىرلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن سىر دەرياسى ئوبلاستىغا بېرىلدى.

1868 ـ يىلى چارروسىيە ئەسكەرلىرى قوقان شەھىرى يېنىدا قوقان خانلىقىنى تەسلىم بولۇشقا قىستىدى. 1876 ـ يىلى ئاندىن بۇ خانلىقنى يوقاتتى. مەزكۇر زېمىندا فەرغانە ئوبلاستىنى قۇرۇپ تۈركىستان مەھكىمىسىگە تەۋە قىلدى.

ئاندىن چارروسىيىنىڭ كاۋكازدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسى تۈركمەنىيىگە ھۇجۇم قىلدى. 1881 ـ يىلى قانلىق قىرغىن بىلەن تۈركمەنلەر قارشىلىق قىلىۋاتقان مۇھىم ئۆتكەلنى ئىگىلەپ ئاشخابادقا كىردى. 1884 ـ يىلى چارروسىيە ئارمىيىسى كامالنى سۈرۈپ مورغاب دەرياسىنىڭ قېشىدىكى قوشقاغىچە بېرىپ، تۈركمەنلەرگە بولغان ئىستېلاسىنى تاماملىدى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى تۈركمەنىيىدە كاۋكازغا تەۋە بولغان ئىچكى دېڭىز ئوبلاستىنى تەشكىللىدى. 1899 ـ يىلى ئىچكى دېڭىز تىشى ئوبلاستى تۈركىستان باش ۋالىيسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1891 ـ يىلى چارروسىيە پامىرغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ ئەنگلىيە بىلەن قارشىلاشتى. شۇنىڭ بىلەن چارروسىيىنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەربىي، سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى تامام بولدى. بۇنىڭ خەرىتىلىك

كۆرسەتمىسى تۆۋەندىكچە:

بۆكەخان خاندانلىقى ـــ ئاستىرخان
ئورېبۇرگ باش ۋالىيسى ئۇرالسكي
تۇرگاي
غەربىي سىبىرىيە باش ۋالىيسى ئاقموللىسكي
سىپلانسك
ئوتلاق باش ۋالىيسى
تۇركىستان ئۆلكىسى ( تاشكەنت ) يەتتىسۇ ئۆلكىسى
سىر دەرياسى ئۆلكىسى
تۇركىستان باش ۋالىيسى ( تاشكەنت )
فەرغانە ئوبلاستى
سەمەرقەنت ئوبلاستى
بۇخارا ئەمىرلىكى
شىۋا خانلىقى
كاۋكاز باش ۋالىيسى ـــ ئىچكى دېڭىز تېشى ئوبلاستى
(سول تەرەپ بۇرۇن تەسىس قىلىنغان، ئوڭ تەرەپ كېيىن تەسىس قىلىنغان).

چارروسىيىنىڭ بېسىۋېلىشىغا ئەگىشىپ، تۇركۇم ـ تۇركۇم رۇس كۆچمەنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېقىپ كىردى. چارروسىيە تەرەپ دەسلەپ كازاكلارنى كۆچۈرۈپ كەلدى. 1878 ـ يىلىغىچە يەتتىسۇ ئوبلاستىغا 120 مىڭ ئادەمنى ئورۇنلاشتۇردى. ھۆكۈمەت تەرەپ سىياسىتىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ياۋروپا، روسىيىدىن كېلىدىغانلارنىڭ قەدىمى تېزلەشتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا روسىيە سىبىرىيە تۆمۈريولىنى پۈتتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشىگە پىلانلىق ھالدا ياردەم بەردى. 1896 ـ يىلى كۆچمەنلەر ئىدارىسى قۇرۇپ، كۆچۈرۈپ كەلگەن رۇسلارغا يايلاق بەلۋاغلىرىدىكى ئەڭ مۇنبەت يەرلەرنى ئىگىلەتتى. 1897 ـ يىلىدىكى پۈتۈن روسىيىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە بۈگۈنكى قازاقىستان رايونىدا ياۋروپا، روسىيىسىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر 755 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، مۇشۇ رايون نوپۇسىنىڭ 8.3% نى ئىگىلىگەن. 1914 ـ يىلى

200 مىڭغا يېتىپ 34.9% نى ئىگىلىگەن، ئورېنبۇرگ تاشكەنت تۆمۈريولى پۈتكەندىن كېيىن، رۇس كۆچمەنلىرى تۈركىستان باش ۋالىي مەھكىمە تەۋەلىكىدىكى رايونلارغا كىرىشكە باشلىدى. چارر ۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلار 500 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10%نى ئىگىلىدى. ئۇلار ئاساسلىقى شەھەر، بازارلاردا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىكلەرنىڭ شەھەر - بازارلىرىنىڭ يېنىدا زامانىۋى ياۋروپالىقلار ئولتۇراق رايونىنى بەرپا قىلدى. رۇسىيىنىڭ ئىستېلاسى سەۋەبلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا تۈپكى ئۆزگىرىش بولدى. مىللەتلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدىمۇ كۆچمەنلىكنىڭ يۇقىرى دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ مۇھىم ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ھەربىي ئىستېلاغا ئەگىشىپ يۈز بەردى، چارر ۇسىيە قازاق ئاۋۇللىرىدا مەكتەپ ئېچىپ رۇس تىلى ئۆگەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئاۋۇل مەكتەپلىرىدىن رۇس - قىرغىز مەكتەپلىرىگە چىقاتتى. ئاندىن يەنە ئۆرلەپ ئورېنبۇرگ قىرغىز ئالىي مەكتەپلىرىگە باراتتى. تۈركىستان رايونلىرىدا يېڭىچە مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى، تاشكەنتتە مۇئەللىملەر دارىلفۇنۇنى قۇرۇلدى. غەرب مائارىپىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بۇ ئادەملەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما دەل ئەنە ئاشۇلار يەرلىك زىيالىيلارنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالدى.

چارر ۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۆپ ئۆزگەرتىۋەتتى. زور مىقداردىكى كۆچمەنلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ياۋروپا رۇسىيىسىدىن كەلگەنلەر ئولتۇراقلاشتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى يايلاق بەلۋاغلىرىدىكى دېھقانچىلىق تېز سۈرەتتە تەرەققىي قىلدى. بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار ئوتلاقلارنىڭ ئېتىزلاشتۇرۇلۇشى بىلەن نامراتلىققا پاتتى، بىر قىسىملىرى دېھقانچىلىقنى تاللىدى.

1897 ـ يىلى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاقلار، قازاقلارنىڭ ٪55نى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا بولسا، چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن پاختا تېرىلغۇ مەيدانى ۋە مىقدارى تېز سۈرئەتتە ئۆرلەپ باردى. 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە، روسىيە سانائىتىگە كېرەكلىك پاختىنىڭ يېرىمىنى تەمىنلەيدىغان بولدى. ئەمما بۇ خىل يەككە زىرائەتلىك ئىقتىساد روس ھۆكۈمىتىنىڭ ئېزىشىگە ناھايىتى ئاسانلا ئۇچراپ، يەرلىك دېھقانلار كۈندىن ـ كۈنگە قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا تۇراتتى. ھۆكۈمرانلار ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشكۇل تاللاش ئالدىدا ئىدى. خۇددى ئالىملار ئېيتقاندەك: «يەرلىك ئاھالە ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئادەتتە بويسۇندۇرۇلۇش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئارىسىدا ئۆزئارا زىت تاللاش مەۋجۇت ئىدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلارنى تاجاۋۇزچىغا تاقابىل تۇرغۇزالايتتى، ئەمما شۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋالاتتى. دەل ئۆزلىرى قوغداۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ۋاز كەچتۈرەتتى، ئەمما روسلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ۋاستە قىلغان بۇ نەرسە چوقۇم ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان نەرسە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.»

# مىللەتلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈشى ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تەشكىللىنىشى

## دەسلەپتە قۇرۇلغان سوۋېت ھاكىمىيىتى

1917 - يىلى فېۋرال ئىنقىلابى چارروسىيىنىڭ بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، «بارلىق ھوقۇق سوۋېتكە مەنسۇپ» دەيدىغان چاقىرىق ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى سوۋېتى، ئىشچى - ئەسكەرلەر ۋەكىللەر سوۋېتى، ئەسكەرلەر سوۋېتى، ھەتتا يەنە 10 نەچچە مۇسۇلمان دېھقانلار سوۋېتى قۇرۇلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىمپېرىيە ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۆز خىزمەت ئورنىدا مەھكەم تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بۇيرۇقى باشقا جايلارغا قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىندى. تۈركىستان ۋالىي مەھكىمە باشلىقى كروپاتكىن ئىنقىلابنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىمپېرىيىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە كۆچمەنلەر ئىنقىلاب قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ مەقسىتى سوۋېت تەشكىللەپ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. 1917 - يىلى 4 - ئايدا تاشكەنتتە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تۈركىستان كومىتېتى دېموكراتلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئۆلىمالار پارلامېنتى» ۋە «مۇسۇلمانلار مەجلىسى» دىن ئىبارەت ئىككى مىللەتچى تەشكىلاتمۇ تاشكەنتتە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، تۈركىستان مۇسۇلمانلار مەركىزىي كومىتېتىنى تىكلىدى. ئۇلار: «تۈركىستاننىڭ تەقدىرى چوقۇم يەرلىكلەر تەرىپىدىن بېكىتىلىشى كېرەك» دەيتتى. شىمالدىكى يايلاقلاردا چارروسىيە باش ۋالىيسى ۋە ھۆكۈمەت ئەلچىسى چېكىنگەن بولۇپ، مەمۇرىي ئاپپاراتلار ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىجرائىيە كومىتېتى ئىدارىسىدە داۋاملىق مەۋجۇت ئىدى ھەم

قازاقلارنىڭ مىللەتچى تەشكىلاتى ئالاش يورو ئوتتۇرىغا چىققانىدى، ئۇلار مەمۇريي ئىدارە قىلىشقا ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلاتتى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، لېنىن، ستالىن قول قويۇپ «رۇسىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھوقۇق خىتابنامىسى» (1917 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) ۋە «رۇس ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئەمگەكچىلەرگە» نى ئېلان قىلىپ «رۇسىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، قىرغىزلار ۋە سارتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق مۇسۇلمانلىرىغا «بۇنىڭدىن كېيىن، ئېتىقادىڭلار، ئۆرپ ـ ئادىتىڭلار، مىللىي ۋە مەدەنىي ئاپپاراتىڭلارنىڭ ھەممىسى ھۆر ۋە مۇقەددەستۇر، ئەركىن، دەخلىسىز ھالدا ئۆز تۇرمۇشۇڭلارنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار» دەپ كاپالەت بەردى.

بۇ ۋاقىتتا تاشكەنتتە بولشېۋىكلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھاكىمىيىتى ـــ تۈركىستان سوۋېتى خەلق كومىتېتى تىكلەندى. قوقاندا بولشېۋىكلارغا قارشى بولغان مۇستەقىل قوقان ھۆكۈمىتى تىكلەندى. 1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ، 26 ـ كۈنلىرى ئېچىلغان تۆتىنچى نۆۋەتلىك تۈركىستان سوۋېتى پەۋقۇلئاددە ۋەكىللەر يىغىنى قارار ماقۇللاپ، ئاز بىر قىسىم رۇسلار ۋە مۇسۇلمان ئەكسىيەتچىلىرى جار سېلىۋاتقان بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ ئاپتونومىيىسى بىلەن ئەڭ شەپقەتسىز كۈرەش قىلىش زۆرۈر، دېدى. 1918 ـ يىلى بولشېۋىك قىزىل گوۋاردىيچىلار قوقان ھۆكۈمىتىنى بىتچىت قىلدى. بولشېۋىكلارغا قارشى ئۇنسۇرلار باسمىچىلار بايرىقى ئاستىغا توپلاندى، ئەھدىلىك دۆلەتلەر ۋە تۈركىيە پانتۈركىزمچىلىرىنىڭ قوللىشىدا تاغ رايونلىرى ۋە يېزىلاردا سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن قوراللىق توقۇنۇشتى، بۇ توقۇنۇش بىر مەزگىل بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇ 1922 ـ يىلى ئاندىن بېسىقتۇرۇلدى. 1918 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۈركىستان سوۋېتى سوتسىيالىستىك ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. «پروگراما» تۇرغۇزۇپ، تۈركىستان سوتسىيالىستىك ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بار، لېكىن ئۇ رۇسىيە سوۋېت فېدېراتىپى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ماس پائالىيەت قىلىش كېرەك دەپ بەلگىلىدى. بۇ ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەت سابىق چاررۇسىيە تۈركىستانى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى سىر دەرياسى ئوبلاستى، سەمەرقەنت ئوبلاستى، يەتتىسۇ ئوبلاستى، فەرغانە ئوبلاستى، تاشقى ئارال ئوبلاستىدىن تەشكىللەندى. لېكىن رۇسىيە فېدېراتىپى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت تۈپرىقىدا قۇرۇلغان سوۋېت ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيىتىدە مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ئەمەس، يەرلىكنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى.

1920 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئالاش ئوردا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى رۇسىيە يايلاق مەھكىمىسى تەۋەلىكىدە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە مەنسۇپ قىرغىز سوۋېتى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. زېمىنى ئەسلىدىكى ئۇرالسكىي ئۆلكىسى تورگاي ئوبلاستى ئاقمولىنىسكىي سىپلاتىنىك بۆگە خانلىقى ۋە ئورېبۇرگ ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئورېبۇرگنى مەركەز قىلدى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇنجى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەت ئىدى.

شۇ يىلى خەلق ئىنقىلابى بۇخارا ئەمىرلىكى ۋە شىۋا خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە خارازىم سوۋېتى خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى.

مۇشۇنداق قىلىپ چار پادىشاھنىڭ ئەسلىدىكى مەمۇرىي رامكىسىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى تاماملاندى. قۇرۇلغان تۆت جۇمھۇرىيەتتىن بۇخارا، خارىزىم خەلق جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، تېخى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت ئەمەس ئىدى. يەنە پەقەت قازاق يايلاقلىرىدا قۇرۇلغان ئاپتونومىيىلىك

جۇمھۇرىيەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەتلا ئىدى.

## مىللەتلەرنى ئايرىش: ئىشخانىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە قارار ئىدى

رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئالدىغا كەلگەن دەسلەپكى مەسىلە مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى، بۇ رۇسىيە ماركسىزمچىلىرى چوقۇم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىدى. لېنىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئېتىراپ قىلىش، مىللىي دۆلەتلەرنى قۇرۇش دەپ قارايتتى. لېنىن ئەسلىدە ھەرقانداق شەكىلدىكى فېدېراتىپ پرىنسىپنى تەۋسىيە قىلمايتتى. فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، بىر دۆلەت ئۈچۈن ئۇ مۇۋاپىق ئەمەس دەيتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»، «ئەركىن ئايرىش ھوقۇقى» غا ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى رۇسىيىدىكى ھەر مىللەت بىرلىكتە تۈزگەن، بۇ ئۇلارنى دېموكراتىك مەركەزلىك سوۋېت دۆلىتىگە مۇستەھكەم باغلاشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك قەدىمى» دەپ ھېسابلىدى. گەرچە تىلغا ئېلىش جەھەتتە تۈپكى پەرق تۇرسىمۇ، ئەمما «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» بايرىقى يەنىلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بۇ ئەينى چاغدىكى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش ۋەزىيىتى سەۋەبىدىن ئىدى. 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە سوۋېتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى تاتار باشقىر ئاپتونومىيە لايىھىسىگە قاراپ چىقتى. باشقىر مىللەتچىللىرى بۇ لايىھە تاتارلارنىڭ باشقىرلارنى بېسىشنى مەقسەت قىلىدۇ، دەپ قارىغاچقا، گىساك گىۋادىنىيىلەر تەرىپىگە قېچىپ كەتتى. بىراق كازاكلار چاررۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىدە مەھكەم تۇرغاچقا، باشقىرلارنىڭ ئاپتونومىيە تەلىپىنى ئاڭلاپ قويۇشنىمۇ

خالىمىدى. باشچىرلار قاتتىق نارازى بولۇپ، مۇسكۋاغا مەخپىي ھالدا ۋەكىل ئەۋەتىپ لېنىن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن لېنىنغا: «ناۋادا باشچىرلارغا ئاپتونومىيە بېرىلسە، ئۇنداقتا باشچىرلار سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرىدۇ» دېدى. شۇ كۈنى (1919 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى) سوۋېت ھۆكۈمىتى باشچىر ۋەكىللىرى بىلەن ئاپتونومىيە ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. 10 كۈندىن كېيىن (3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى) «مەركىزىي سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن باشجىر سوۋېت ئاپتونومىيىسى ھەققىدىكى بىتىمى»گە قول قويىدى. لېنىن 8 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا بوخارىن قاتارلىقلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىگە قارشى مەيدانىنى تەنقىدلىدى. كىنايە قىلىپ: «ئەجىبا تۇنۇگۈن غەلىبىلىك ھالدا باشچىر جۇمھۇرىيىتى ئىشىنى تامام ئەتمىدۇقمۇ؟» دېدى. باشچىر ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتنىڭ تەجرىبىسى شۇنىڭلىق بىلەن كەڭ پايدىلىنىلدى.

لېنىن كوسجىنىڭ تارىخىي ئىقتىسادىي تەھلىل نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي دۆلەت ھازىرقى شارائىتقا ئەڭ ماس دۆلەت شەكلى دەپ ھېسابلىدى. ئەمما بايا ئېيتقاندەك ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي تەرەققىيات ناھايىتى قالاق ھالەتتە ئىدى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرق بەك تۇتۇق ئىدى. كېيىن سوۋېت ئالىملىرى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلىپىدىكى تۈركىستان، بۇخارا، خارازىم ۋە قىرغىز نوپۇس قۇرۇلمىسىنى بايان ئەتكەندە، ھەرقايسى جايلاردىكى ئۆزبېك، قازاق، تاجىك، تۈركمەن نوپۇسى ۋە ئىگىللىگەن پىرسەنتىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشمايلا قالماستىن، ھەتتا بۇ سانلار بەكلا گۇمانلىق ئىدى. چۈنكى ئەينى چاغدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش بۇ مىللەتلەرنىڭ مىللەت نامىنى توپ بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئەمەس. ئېلان قىلىنغان سان ـ سىپىرلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكىلەر مىللەتلەر رەسمىي پەرقلەندۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالغا قاراپ

قىلىنغان قىياسلاردۇر. تۆۋەندە كۆرسىتىلگىنى 1924 ـ يىلىدىكى «ئۆزبېكىستان ئەدلىيە گېزىتى» دىكى نوپۇس سانى. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولۇشى مۇمكىن.

| خارازەم | بۇخارا | تۈركىستان | رايون، نوپۇس، مىللەت |
|---|---|---|---|
| 392000 | 996000 | 2138000 | ئۆزبېك، تۈرك |
| | | 51000 | قۇرام |
| | | 88000 | قىپچاق |
| 2300 | 7000 | 1577300 | قىرغىز |
| 184000 | 174000 | 267000 | تۈركمەن |
| 1206000 | 802000 | 404000 | تاجىك |
| 34000 | | 78000 | قارا قالپاق |
| 7600 | | 746000 | باشقا |

يۇقىرىدىكى نوپۇس ماتېرىيالىدىن بىلىمىزكى، 1922 ـ يىلى سوۋېت رۇسىيىسى ئومۇمەن قازاقلار بىلەن ئۆزبېكلەرنى پەرقلەندۇرگەن. 1917 ـ يىلىدىكى «رۇسىيە ۋە شەرقتىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت» تىكىدەك «سارتلار» دېگەندەك ناملارنى، ستالىنىنىڭ 1920 ـ يىلىدىكى نۇتقىدا كۆرۈلىدىغان بۇخارالىقلار، شۇۋالار دېگەندەك مىللەت ناملىرىنى ئىشلەتمىگەن. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا ئۆزبېكلەر بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىۋاتقان تۈرك دەيدىغان نام بار، قازاق بىلەن قىرغىز بىراقلا قىرغىز دەپ ئاتالغان ھەم قۇرام ۋە قىپچاق يەنىلا مۇستەقىل مىللىي گۇرۇھ قىلىنىۋېلىنغان.

1920 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى تەشكىللەش مەسىلىسى تاشكەنت، موسكۋا قاتارلىق جايلاردىكى كومپارتىيە رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىدا مۇزاكىرە ۋە تەتقىق قىلىندى. 1920 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىمالىي يايلاقلاردا تەشكىللەنگەن قىرغىز سوۋېتى سوتسىيالىستىك ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قۇرۇلغان تۇنجى

جۇمھۇرىيەت ئىدى، ئەمما جەنۇبىي دېھقانچىلىق رايونلىرىدا مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىشى ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. 1920 ـ يىلى 2 ـ، 6 ـ ئايلاردا پۈتۈن رۇسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلەر ئۆمىكى، رۇسىيە كومپارتىيىسى چېگرا رايون پارتكومى، تۈركىستان كومىتېتى بىردەك بۇ مەزگىللەردە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس، سەۋەب سوۋېت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىشى كېرەك. بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ئېزىشى ۋە فېئودال مۇناسىۋەتلەر تېخى مەۋجۇت، مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە چەتكە قېقىش تېخى يوقالغىنى يوق دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدى. بۇ مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، ئەينى چاغدا باسمىچىلارنىڭ توپىلاڭلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى، ئەمما مۇھىمى يەنە بىر مەسىلە تېخى ھەل قىلىنمىغانىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەينى چاغدا زادى قايسى ئاساسىي مىللەتلەر بار؟ يەنىمۇ ئېنىقراق دېسەك، زادى قايسى مىللەتلەرنىڭ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدۇ؟

1917 ـ يىلى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن تاتار مىللەتچىلىرى ئىدىل (ۋولگا) —— ئۇرال دۆلەتلىرىگە مۇستەقىللىق بېرىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر كومپارتىيىگە كىردى، ئەمما ئۇلار مىللەتچى نىشانىدىن قىلچە ۋاز كەچمىدى. 1920 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان تاتار سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ئۇلارنى ھەرگىز قانائەتلەندۈرەلمىدى. سۇلتانجانوف باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم تاتار كوممۇنىستلىرى ئىدىل —— ئۇرال رايونىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ھەتتا پارتىيىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، كومپارتىيىنى تۈرك كومپارتىيىسى ۋە رۇس كومپارتىيىسى دەپ ئايرىپ، مەركىزىي بىرونى بىر قىلىش تەكلىپلىرىنىمۇ بەرگەن، لېكىن بۇ مۇنازىرە باسمىچىلار

يوقىتىلغاندىن كېيىن، ستالىننىڭ قولىدا ئىسسىق قانلار بىلەن ئاياغلاشتى. تۈركلەرنى ئۆيۈشتۈرۈۋاتقان تۈركىستاندا بولسا، تۈركلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش تەلەپلەر بار ئىدى. قىرغىزىستان ۋە خارازىمدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا فېدېراتسىيىسى تەلىپى بار ئىدى، ئالدىنقىسى، ئۆزبېك، تاتار بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە توسقۇنلۇق قىلغانلىق دەپ ھېسابلاندى. كەيىندىكىسىنى تروتسكىيچىلارنىڭ بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى دەپ ئەيىبلەندى.

قارىغاندا پانتۈركىزمنى ئۈزۈل ـ كېسىل يىتچىت قىلىش 20 مىليون نوپۇسى بار بۇ زور مىللەت جۇمھۇرىيىتىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىنى تىنتما ـ تىنتما قىلىۋېتىش ئۈچۈن دەسلەپ قىلىدىغان ئىش، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللىتىنى ئۆزئارا ياتلاشتۇرۇش، پەرقلەندۈرۈش، شۇنداق قىلىپ تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئۆرە بولالمايدىغان قىلىۋېتىش ئىدى.

1920 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى لېنىن ئۆزبېك، قىرغىز ۋە تۈركمەنلەرنىڭ مىللىي تەزكىرە خەرىتىسىنى ئىشلەپ بۇ ئۈچىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە بۆلۈش شەرت ـ شارائىتىنى تەپسىلىي ئېنىقلاش تەكلىپىنى بەردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئالىي تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈش، ئايرىشلايىھىسىدە ئۆزبېك، قىرغىز (قازاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە تۈركمەن بار ئىدى. لېكىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن، قارا قىرغىز، تاجىك بەش مىللەتكە ئايرىشنى ئايان قىلدى. بۇ پەرقلەندۈرۈش ۋە ئايرىش خىزمىتىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە نوپۇزلۇق ھۆكۈمەت ئارخىپى كەمچىل بولۇپ، بۇ يەنىلا تەلتۆكۈس ئېنىق بولمىغان مەسىلە. بىر گېرمانىيىلىك كىشىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا: «1920 ـ يىلى تۈركىستان ئالدىنقى سەپ

قوماندانى فرونتى تۈركىستاننى بۆلۈش مەسىلىسىدە لېنىندىن يولىيورۇق سورىغان، لېنىن ھېچقانداق پائالىيەتتە بولماسلىقنى تاپىلىغان، ئاندىن ئارقىدىنلا بۇ مەسىلە ھەققىدە كومىتېت تەشكىللەشكە يوشۇرۇن يولىيورۇق بەرگەن. 1921 ـ يىلى تۈركىستاننى بۆلۈشكە بۇيرۇق قىلغان ھەمدە مىللىي تەزكىرە خەرىتىسىنى ئىشلەتكۈزگەن، بۇ ئىشنى تۈركىستان ئۆلكىلىك مەھكىمىنىڭ مەخپىي خىزمەت باشلىقى كىبىنغا تاپشۇرغان. كىبىن تۈركىستاننى بەش جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتكە بۆلۈش تەكلىپىنى بەرگەن. موسكۋا بۇ تەكلىپنى قوبۇل ئەتكەن» . بۇ چۈشەندۈرۈشنىڭ بەزى تەپسىلاتلىرىنى دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئومۇمەن ئىش مۇشۇنداق بولغان. يەنى مۇشۇ بەش مىللەت ۋە بەش جۇمھۇرىيەت لايىھىسى ئىشخانىدا تۈزۈلۈپ قارارلاشتۇرۇلغان.

**ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 1924 ـ يىلى ئادەتتىكى يىل ئەمەس**

باسمىچىلار توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى تەشكىللەش خىزمىتى ئەمەلىيلىشىش دەۋرىگە كىردى، سوۋېت ئالىملىرىنىڭ دوكلاتىغا باققاندا:

1924 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركىزى تەشكىلات ئىدارىسى رۇدزۇتاكقا بۇخارا، خارەزىم ۋە تۈركىستان مەسىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى بېكىتىش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ھاۋالە قىلدى.

1924 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۈركىستان كومپارتىيىسى مەركىزى، مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسلەر ئۆمىكى، پارتىيە مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدارىسى ۋە تاشكەنت پارتىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى قاتناشقان يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى بېكىتىش مەسىلىسى

مۇزاكىرە قىلىندى.

1924 ـ يىلى 4 ـ ئاي رۇسىيە كومپارتىيىسى مەركىزىي سىياسىي بيۇروسى تۈركىستان، بۇخارا، خارازىم جۇمھۇرىيەتلىرى تاپشۇرغان مىللەتلەرنى بېكىتىشنىڭ زۆرۈر ماتېرىياللىرى بىلەن خەرىتىنى تەنقىدلىدى.

1924 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رۇسىيە كومپارتىيە مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدارىسى مىللەتلەرنى بېكىتىش ئىشى ئۈچۈن ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللىدى، قارا قىرغىز، تاجىك زېمىنلىرى ۋە ئاپتونومىيىسى لايىھىسىنى تەييارلاشنى تەلەپ قىلدى.

1924 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى رۇسىيە كومپارتىيە مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدارىسى 16 مىللەت ۋەكىلىدىن (ھەر بىر مىللەتتىن 3 —— 5 كىشى قاتناشقا) تەركىپ تاپقان تېررىتورىيە كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، مىللەت چېگرىسى ۋە مەمۇرىي چېگرىلىرىنى بېكىتىشكە مەسئۇل قىلدى. تېررىتورىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرى «ناھايىتى يۇرۇشلۇك» بولدى. 1924 ـ يىلىنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر تەشكىللەش خىزمىتىنى تەلتۆكۈس تاماملىدى.

قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەت 1920 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تەۋەلىكىدە ئورېبۇرگ ئۆلكىسى، بوكى ئوبلاستى، ئولارسكىي ئوبلاستى، تۇرگاي ئوبلاستى، ئاقموللىسكىي ئوبلاستى، سىپلاتىنسك ئوبلاستىلار بولۇپ، جۇمھۇرىيەت مەركىزى ئورېبۇرگ بولۇپ، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە قارايتتى. 1924 ـ يىلى ئورېبۇرگ ئۆلكىسى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. سابىق تۈركىستانغا تەۋە سىر دەرياسى ئوبلاستى (تاشكەنتتىن باشقا) ۋە يەتتىسۇ مەزكۇر جۇمھۇرىيەتكە بېرىلدى. مەركىزىي ئاق ئوردىغا كۆچۈرۈلدى. 1925 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى قازاق سوۋېتى ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتكە ئۆزگەرتىلدى، قارا قالپاق

ئوبلاستى ئۇنىڭغا قوشۇۋېتىلدى (1930 - يىلى كېسىۋېتىلگەن). 1936 - يىلى دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ قازاق سوۋېتى، سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىردى.

ئۆزبېكىستان سوۋېتى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى 1924 - يىلى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىردى، مەركىزي تاشكەنتتە بولدى. بۇخارا ئۆلكىسى (سابىق بۇخارا ئەمىرلىكى تەۋەسى بولغان بۇخارا ۋە قەشقىرىيە) سابىق سىر دەرياسى ئوبلاستىغا تەۋە تاشكەنت شەھىرى، سابىق تۈركىستان ۋالىي مەھكىمىسىگە تەۋە سەمەرقەنت ئوبلاستى، فەرغانە ئوبلاستىنىڭ كۆپ قىسمى (نەمەنگەن، ئەنجان، قوقان ناھىيىسى) قارا قۇرۇم رايونىدا قۇرۇلغان تاجىك ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتلىرىنى (بۇ جۇمھۇرىيەت بىر مەزگىل مۇشۇ ھالدا تۇردى) ئۆز ئىچىگە ئالدى. خارازىم ۋە ئارال دېڭىزى ئوبلاستىنىڭ ئامو دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى بىر قىسىم يەرلەردە قۇرۇلغان قارا قالپاق ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەت 1936 - يىلى ئۆزبېكىستانغا بېرىلدى.

تۈركمەن سوۋېتى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى 1924 - يىلى قۇرۇلۇپ، ئاشخاباد مەركەز قىلىندى. زېمىنى ئاساسەن ئامو دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئارال دېڭىز تېشى ئىدى. قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1924 - يىلى قۇرۇلۇپ، بېشكەك مەركەز قىلىندى. دەسلەپتە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە قارىدى. ئوش، بېشكەك ۋە نارىن ھەمدە نەمەنگەن، ئەنجان، قوقان ناھىيىسى ۋە سىر دەرياسى ئوبلاستىنىڭ ئاۋۇل - ئاتا تاغلىرى تەۋەلىكىگە بېرىلدى. 1925 - يىلى قىرغىز ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەتنىڭ نامى قازاق ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتىلىش بىلەن بىرگە قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ نامى ئۆزگەردى. دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، قىرغىز

ئاپتونومىيلىك جۇمھۇرىيەت بولدى. 1926 ـ يىلى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئايرىلىپ، دەرىجىلىنىپ، قىرغىز سوۋېتى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى بولۇپ ئىتتىپاققا كىردى.

تاجىك ئاپتونومىيلىك جۇمھۇرىيەت 1924 ـ يىلى قۇرۇلۇپ دۇشەنبىنى مەركەز قىلىپ، دەسلەپتە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارىدى. سابىق تۈركىستان فەرغانە ئوبلاستىنىڭ قارا قۇرۇم تاغلىق رايونى ۋە سەمەرقەند ئوبلاستىنىڭ، بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ سارخان، قورغانجوپ تەۋەلىكىگە بېرىلدى. 1929 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندىن ئايرىلىپ، دەرىجىلەنگەچە ئىتتىپاققا كىردى.

قارا قالپاق ئاپتونوم ئوبلاستى 1925 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، دەسلەپتە قازاق ئاپتونومىيلىك جۇمھۇرىيەتكە تەۋەلەندى. 1930 ـ يىلى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىگە بېرىلدى. 1932 ـ يىلى دەرىجىلىنىپ، قارا قالپاق سوۋېتى ئاپتونومىيلىك جۇمھۇرىيەت بولدى، 1936 ـ يىلى ئۆزبېكىستانغا قوشۇۋېتىلدى.

ئومومەن، 1924 ـ، 1925 ـ يىلى ئارىسىدا ئىككى جۇمھۇرىيەت، ئىككى ئاپتونومىيلىك جۇمھۇرىيەت، ئىككى ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلدى. 1936 ـ يىلىغا كەلگەندە، بەش جۇمھۇرىيەت ۋە بىر ئاپتونومىيلىك جۇمھۇرىيەت بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنى بېكىتىش ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى تەشكىللەش ئاخىرقى ھېسابتا تاماملاندى، زېمىن چېگرالىرى ئاساسەن مۇقىملاشتى، كېيىن پەقەت ئانچە ـ مۇنچە تەڭشەش بولدى (بۇنىڭ بىزگىمۇ تەسىرى يەتتى. قەشقىرىيىلىك زىيالىيلارمۇ تۇيۇقسىزلا ئۆز خەلقىنىڭ نامى يوقلۇقىغا ھەيران قالدى ۋە ئويغۇر دېگەن نامنى مىللەت نامى قىلىشنى ئويلاشتى. زىيالىيلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىلغارلىقى ۋە ئىنقىلابىيلىقى بىلەن بۇ ئوي ھەقىقەتەنمۇ كۆلەملەشتى). دېمەك، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋەزىيىتى 60 —— 70 يىل بۇرۇن شەكىللەندۇرۇلگەنىدى. بەزى ئالىملار بۇ دۆلەتلەرنىڭ

بېكىتىلگەن دېيىشىدۇ. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ بۇ گەپكە ئۇغىسى قايناپ، بۇ بۇرژۇئا ساختىپەزلىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا تۆھمىتى دەيدۇ. ئەمما مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەرنى پەرقلەندۇرۇش، ئايرىش، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى بېكىتىش ھۆكۈمەت سىياسىتى تەرىقىسىدە ئىشخانىدا سۈنئىي ھالدا لايىھىلەنگەن. ستالىن شۇنداق دېگەنكى: «بۇرژۇئازىيە پولشىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇشقا ئىلتىجا قىلدى، ئەمما كومۇنىستلار تۈركمەنىيە بىلەن ئۆزبېكلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەقەت بىرنەچچە ئاي جاپا تارتىپ، تەشۋىق قىلسىلا بولىدۇ.»

ئەمما ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جاي ـ جايلىرىدا شەك ـ شۈبھىسىزكى، كەڭ كۆلەملىك نارازىلىق بار ئىدى. ھەتتا سوۋېتنى ئەڭ ھىمايە قىلىدىغان ئالىملارمۇ ئەينى يىللاردا «دائىم كۈچلۈك نارازىلىق ۋە ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش پەيدا قىلاتتى» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئۆزبېكىستاندا سىر دەرياسى ئوبلاستى، يەتتىسۇنى قازاق جۇمھۇرىيىتىگە بېرىشكە قارشىلىق چىقىدۇ ھەم يېقىن مىللەتلەرنى ئۆزبېك جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېتىش تەلىپىنى قويىدۇ، بۇ ئۆزبېك مىللەتچىلىرىنىڭ «چوڭ ئۆزبېكچىلىك» تەشەببۇسى دەپ قارىلىدۇ.

قازاقىستاندا تاشكەنت ۋە سىر دەرياسى ئوبلاستىدىكى ئۆزبېكلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى قازاقىستانغا بېرىشتە چىڭ تۇرۇلىدۇ. بۇ قازاق مىللەتچىلىرىنىڭ «چوڭ قازاق دۆلىتى» قۇرۇشنى ئويلايدىغان يولسىز تەلىپى دېيىلىدۇ.

قىرغىزىستاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا قىرغىز قەبىلىسى ئاساسىدىكى دۆلەت قۇرۇش تەلىپى بولدى، بۇ قىرغىزلارنىڭ مىللەتچىلىك تەلىپى دەپ قارالدى.

ئەمما ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئېغىر بولغان ئاشكارا قارشىلىق

خارازمدا يۇز بەردى. 1924 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خارازمدا پارتىيە مەركىزى ئىجرائىيە ئىدارىسى ئاشكارا ھالدا خارازم بىلەن ئامۇ دەرياسى رايونى، سىر دەرياسى ئوبلاستى، تۈركمەن ئوبلاستىنى بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي رايون، بۇ ئۈچ ئوبلاستنىڭ خارازمدىن ئايرىلىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋالايمىقانلىقىنى پەيدا قىلدى، دېدى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خارازم كومپارتىيە مەركىزى قارار ماقۇللاپ، رەھبەرلەر ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىشلاق ۋە ئاۋۇللارغا بېرىپ مىللەتلەرنى ئايرىش مەسىلىلىرىنى تىلغا ئېلىشنى چەكلىدى. مەزكۇر قارارغا قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازادا بەدەل تۆلىتىشنى، ھەتتا پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەلۋەتتە بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى، شوۋىنىزمچىلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىنى بېكىتىش خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خەلققە قارشى ئىدىيىسى دەپ ئەيىبلەندى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 1924 ـ يىلى ئادەتتىكى بىر يىل ئەمەس. مۇشۇ يىلدا بولغان ئىشلار نېمىدېگەن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى 21 ـ ئەسىرگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

# تارىخنىڭ باھاسى

1924 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈش —— ئايرىشنىڭ مەقسىتى بەش يەككە مىللەتلىك مىللىي دۆلەت قۇرۇش ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى 1926 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نوپۇس تەكشۈردى. بۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى مۇنداق ئىدى:

| دۆلەتلەر | ئاساسىي مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى | ئاساسىي مىللەتنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى | ئاساسىي مىللەتنىڭ نوپۇسى (مىليون) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئۆزبېكىستان | 4.446 | 3.299 | 74.2 % |
| قازاقىستان | 6.503 | 3.711 | 57 % |
| قىرغىزىستان | 0.993 | 0.633 | 66.6 % |
| تاجىكىستان | 0.827 | 0.617 | 74.6 % |
| تۈركمەنىستان | 0.9 | 0.632 | 70.2 % |

مىللەتلەرنى ئايرىشتىن بۇرۇن مەسىلەن، بىرىنچى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك ئۆزبېك، تۈركمەنلەر، تۈركىستان، بۇخارا، خارازمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھېچ يەردە كۆپ سانلىق ئەمەس ئىدى. تاجىك، قازاق، قىرغىزلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە چېچىلغانىدى. سوۋېت ئالىملىرىنىڭ كېيىنچە بولغاندا، بۇ خىل ئەھۋال ئاز مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە پايدىسىز ئىدى. يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي، تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئاڭ فورماتسىيىسىدىكى پەرق ئۈزلۈكسىز دوقۇرۇشۇپ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىشەنمەسلىكنى يوقاتقىلى بولمايتتى. مىللىي سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي

مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىدى. مىللەتلەر ئايرىلغاندىن كېيىن مەسىلەن، جەدۋەل ئىككىدىكىدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مۇھىم بەش مىللەت «ئۆز» دۆلىتىدە كۆپ سانلىق بولۇپ، «ئۆز» دۆلىتىدىكى ئاساسىي مىللەتكە ئايلاندى. يەنە ستالىن دېگەندەك: «سوۋېت ئاۋامغا يېقىنلاشتۇرۇلدى»، «سوۋېت مىللەتلەشتۈرۈلدى». ستالىن چۈشەندۈرۈپ: تۈركىستاندا يېقىندا تامامىلانغان مىللەتلەرنى بېكىتىش، قانداق قىلغاندا ئاۋامغا يېقىنلىشىشنىڭ ئۈلگىسى. بۇرژۇئازىيىنىڭ گېزىتلىرى بۇ بېكىتىشنى «بولشېۋىكلارنىڭ سۇيىقەستى» دەپ قارىدى. ئەمما روشەنكى، ئۇ چەردە ئىپادىلىنىۋاتقان سۇيىقەست ئەمەس، بەلكى تۈركمەنىيە (تۈركمەن) ۋە ئۆزبېك خەلقى ئارزۇلىرىدىكى ئۆزىگە يېقىن ۋە ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى بولۇشتىن ئىبارەت چوڭقۇر ئىستەكتۇر. ئىنقىلابتىن بۇرۇن بۇ ئىككى دۆلەت بىرمۇنچە خانلىق ۋە دۆلەتلەرگە پارچىلىۋېتىلگەن، ھوقۇقدارلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە، سۇيىقەستلىرى ئاسانلا ئەمەلگە ئاشىدىغان زېمىن ئىدى. بۈگۈن پۇرسەت كەلدى. بۆلۈنۈپ كەتكەن بۇ پارچىلار قايتىدىن مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ، ئۆزبېك ۋە تۈركمەنىيە مېھنەتكەشلىرى بىلەن ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى يېقىنلىشىپ بىر گەۋدىلەشتى. تۈركىستاننىڭ ئاجرىتىلىشىدا ئالدى بىلەن بۇ زېمىننى پارچىلىۋەتكەن ھەرقايسى بۆلەكلەر قايتىدىن بىرىكىپ مۇستەقىل دۆلەت بولدى. ناۋادا بۇ دۆلەتلەر كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىپ، باراۋەر بىر ئەزا بولۇشنى خالىسا، ئۇنداقتا پەقەت شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بولشېۋىكلار شەرق خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر خاھىشلىرىنى چۈشىنىدىغان بىر ئاچقۇچنى تاپتى دەيمىز...

قارىغاندا ستالىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈپ ئايرىشتىن ناھايىتى رازى بولغان: كۆڭۈلدىكى گەپنى دېگەندە، بولشېۋىكلار 1924 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا

دۆلەتنى «مىللىي ئالاھىدىلىك» گە باغلاپ، ئۇستىلىق بىلەن بىر قېتىملىق «تاشقى ئەزا ئوپېراتسىيىسى» ئېلىپ باردى. ئەگەر تۈركىستان كېڭىيىپ بىر مىللىي دۆلەت بولۇپ، پانتۈركىستلارنىڭ ئارزۇسىدەكلا قازاندىن تاشكەنت، ئاشخابادقىچە ئىدىل (ۋولگا)، ئورال دەرياسىدىن ئامۇ، سىر دەرياسىغىچە بولغان رايونلاردىكى زور كۆلەمدىكى تۈركلەرنىڭ مىللىي دۆلىتى بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ سوۋېت ئۇچۇن كەم دېگەندە تەگكىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنار ئىدى. شۇڭا تۈركىستاننى ئۇزۇل - كېسىل تالقانلىۋېتىشنى «بولشېۋىكلەرنىڭ سۇيقەستى» دېيىش تەنقىد مەۋقەسىدىكى گەپ ئىدى. ئەمما بۇنى ئۇياق - بۇياققا ئېغىپ سۆزلەپ قالمىساقلا، يەنىلا ناھايىتى نەتىجىلىك بولغان لايىھە دېمەي بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسلىق مىللەت گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي چېگرا تولىمۇ خىرە بولسىمۇ، «تاشقى ئەزا ئوپېراتسىيە» سىنىڭ نەتىجىسىدە بىردىن بەشكە بۆلۈندى، ھەممىسىنىڭ «ئۆز» دۆلىتى بولدى. شۇڭا «شەرق خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر خاھىشلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىر ئاچقۇچىنى تاپتى» دېگەن گەپتە زور خاتالىق بار.

بىرىنچىدىن، «قايتىدىن بىرىكتى» دېيىشنىڭ پەقەتلا ئورنى يوق. چۈنكى تارىختا بۇ مىللەتلەر ھېچقاچان «ئۆز دۆلىتى» گە تويلىنىپ باقمىغان تۇرسا، «قايتىدىن» دەپ نېمە قويىدى! ئەينى چاغدىكى مىللىي پەرق ناھايىتى خىرە بولۇپ، مىللىي ئاڭمۇ بەك ئاجىز ئىدى. «قەلبىدىكى بىرلىشىش» دېيىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، «ئۆز» دۆلىتى دەيدىغان گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان. گەرچە بۇ دۆلەتلەردىكى ئاتالغان مىللەتلەر (ئادەتلەردە ئېيتىلىۋاتقان ئاساسىي مىللەت) ئۆز دۆلەتلىرىدە نوپۇسنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئەمما بۇ كۆپلۈك ناھايىتى كۆپ زور ۋۇقۇشلاردىن كېيىن بولغان. ئوتتۇرا

ئاسىيادىكى بەش دۆلەتتىكى ئاتالمىغان مىللەتلەر 4 مىليون 735 مىڭ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا نوپۇسىنىڭ % 34.6 تىنى ئىگىلەيتتى. قازاقىستاندا قازاقلاردىن باشقىلار % 43 ئىدى. لېنىن ئىزچىل «يەككە مىللەتلىك دۆلەت ئىلغار بولىدۇ، مىللىي تەركىبىي مۇرەككەپ بولغان دۆلەت قالاق بولىدۇ» دەپ قارىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى ستاتىستىكا ئىلمىگە سىلىپ مەخسۇس تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇ بېكىتكەن پرىنسىپ (1) % 95 تىن ئارتۇق ئاھالە بىر مىللەتكە مەنسۇپ دۆلەت ساپ مىللىي دۆلەت بولىدۇ. (2) % 90 —— % 95 ئاھالە بىر مىللەتكە مەنسۇپ دۆلەت ئاساسەن ساپ مىللىي دۆلەت بولىدۇ. (3) % 30 تىن ئارتۇق ئاھالە غەيرىي مىللەتلەردىن بولغان دۆلەت مىللىي تەركىبىي مۇرەككەپ دۆلەت بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللەتلەر ئايرىلغاندىن كېيىن، شەكىللەندۈرۈلگەن بەش دۆلەتنىڭ ئىچىدە ساپ ياكى ئاساسەن ساپ مىللىي دۆلەت ئاساسەن يوق ئىدى. قازاق ۋە قىرغىز جۇمھۇرىيىتى يەنىلا مىللىي تەركىبىي مۇرەككەپ دۆلەت ئىدى. مەسىلەن، 1926 ـ يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش دەلىللەيدۇكى، قازاق جۇمھۇرىيىتىدە 77 مىللەت بار، جۇمھۇرىيەتنىڭ شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە قازاقلار % 14، رۇسلار % 8.53نى ئىگىلەيدۇ.

ئۇچىنچىدىن، مىللىي دۆلەتلىك «تاشقى پوست» بىلەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇشتەك مەزمۇننى ھەرگىز بىر يەرگە قويغىلى بولمايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت دەسلەپ قۇرۇلغاندىكى نوپۇس قۇرۇلمىسى لېنىن بەلگىلىگەن مىللىي دۆلەت ئۆلچىمىگە چۈشمەيتتى. شۇنداقلا كېيىنكى تەرەققىيات بۇنىڭ تېخىمۇ ئەكسىدىن چىقتى. نەچچە ئون يىل مابەينىدە رۇسلارنى ئاساس قىلغان رۇسىيە ياۋروپاسىدىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆلەمدە كۆچۈشى بىلەن رۇسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نوپۇسى 1959 ـ يىلىدىكى

6 مىلليون 215 مىڭدىن 1979 ـ يىلىدىكى 9 مىلليون 313 مىڭغا، 1991 ـ يىلىدىكى 10 مىلليونغا يەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتالغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى چۆشۈپ باردى. 1959 ـ يىلىدىن كېيىن ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلىدى. مەسىلەن، تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك.

| | 1939ـيىلى ( % ) | 1959ـيىلى ( % ) | 1989ـيىلى ( % ) |
|---|---|---|---|
| ئۆزبېكىستان | 64.4 | 62.2 | 71 |
| قازاقىستان | 32 | 30 | 39.7 |
| قىرغىزىستان | 51.7 | 40.5 | 52.4 |
| تاجىكىستان | 59.6 | 53.1 | 62.3 |
| تۈركمەنىستان | 95.2 | 60.9 | 70 |

روشەنكى، گەرچە 1959 ـ يىلىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئاتالغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن لېنىننىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسلانغاندا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي تەركىبى مۇرەككەپ دۆلەتلەر ئىدى. ھازىر قىرغىزىستاندا 86 مىللەت، قازاقىستاندا 130 مىللەت بار. بۇلار مىللىي دۆلەت تۈزۈلمىسىدە باشتىن ـ ئاخىرغىچە مىللىي دۆلەت ئىدى. سوۋېت پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ مىللىي دۆلەتلەر ھەقىقىي مۇستەقىل دۆلەت بولدى. بۇ مىللىي دۆلەتلەردە يۈرگۈزۈلگىنى يەككە مىللەت دۆلىتى تۈزۈلمىسى بولدى. بولۇپمۇ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قوزغالغان مىللىيلىشىش خاھىشى مىللەتلەر

مۇناسۋىتىنى جىددىيلەشتۈرمەي قالمىدى. بۇ مەسىلە قازىقىستاندا بىرقەدەر ئېغىر. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، نوپۇسىنىڭ يېرىمىنىمۇ ئىگىلىيەلمەيدىغان قازاقلار بىلەن نوپۇسى ئۆلاردىن پەرقلەنمەيدىغان رۇسلارنىڭ قوش دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ئىككىنچى دۆلەت تىلى مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدىكى مۇنازىرىلىرى دەل مانا مۇشۇ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى ئىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا 1924 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەرنى پەرقلەندۇرۇش ۋە ئايرىش، مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەش دۆلەت بولۇپ قىلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭلىق بىلەن پەيدا بولغان مىللىي مەسىلە بۇ دۆلەتلەر بىلەن 21 ـ ئەسىرگە كىرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، 1924 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا پۈتۈنلەي مىللىي ئالاھىدىلىك بويىچە بۆلۈنگەن. تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا پەقەتلا ئېتىبار بېرىلمىگەن. خەرىتىنى ئېچىپلا كۆرەلەيمىزكى، ئەمەلىي ئىقتىسادىي رايونلار جۇمھۇرىيەت چېگرىسى بىلەن سۈنئىي ھالدا پارچىلىۋېتىلگەن. مەسىلەن، فەرغانە ئويمانلىقى، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ئۈچ دۆلەتنىڭ چېگرىسى گادىرماچ قىلىۋېتىلگەن. تاجىكىستاندىكى ئالاتاۋ تېغىنىڭ ئالدى يەنە ئۆزبېكىستاندىكى پۇچىلانما يەرلەر: ۋورۇخ، شوخ، شاسمەردان.

ناۋادا شۇ دەۋردىكى بۇ خىل سۈنئىي چېگرانى پەقەت تېخى مەۋھۇم پەرەز دېسەك، ئۇنداقتا ھازىر ئۇ ھەقىقىي مەۋجۇت نەرسىدۇركى، بۇ چوقۇم دۆلەتلەر ئارا سۈركىلىشىش، ھەتتا جىددىيلىك پەيدا بولۇشنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى.

ئەڭ ئاخىرقى مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سۈنئىي ھالدا مىللەت ۋە مىللىي دۆلەت پەيدا قىلىش زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ سوۋېت پارچىلىنىشتىن بۇرۇن بىر غەربلىك ئالىم: «سوۋېت ھۆكۈمىتى مىللىي جېدەلنىڭ تۈيۈق يولىدىن چىقىپ

كېتەلمەيدۇ» دېگەندى، ئۇ بۇنى مۇنداق دەلىللىگەن: «سوۋېت سىياسىي سەھنىسىدىكى ئالاھىدىلىك مۇنداق: ئالدى بىلەن دەيدىغىنىمىز ئۇنىڭ كۆپ مىللەتلىكى ۋە مىللىي ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى. سوۋېت ھۆكۈمىتى مىللىي سىياسەت جەھەتتە شانلىق نەتىجىگە ئېرىشتى، يەنە روشەن مەغلۇبىيەتكىمۇ ئۇچرىدى. شانلىق نەتىجىگە ئېرىشتى دېگىنىمىز، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى سىياسىتى ئۇششاق مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش مۇددىئاسىغا قوشۇلدى ۋە ياردەم بەردى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنى ھۆر قىلدى، ئارزۇلىرىنى قانائەتلەندۈردى. ھازىر بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىغا تولۇق دەلىل بار. روشەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى دېگىنىمىزدە، بولشېۋىكلارنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى پىلانى تۇپەيلى مىللىي پەرقنى يوقىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى يۇغۇرۇپ يېپيېڭى، تارىخىي، تېخىمۇ ئالىي ئورتاق گەۋدە —— سوۋېت خەلقى قىلماقچى بولدى. سوۋېت رەھبەرلىرى بۇ «سوۋېت خەلقى» نى مەۋجۇت دېدى. ئەمما بۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ. مەسىلە نەدە؟ مېنىڭچە مىللىي دۆلىتى بولمىغان، مىللىي تەركىبىي مۇرەككەپ يەرلەردە يېڭىلىك بىلەن سۈنئىي ھالدا «مىللىي دۆلەتلەر» تۇرغۇزۇلدى. كىشىلەر چوقۇم ئۇنتۇمىدى. ستالىن 1913 ـ يىلى يازغان «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن مەشھۇر ماقالىسىدە ئاۋىستىرىيە سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيە ئەزاسى شپىلىنگرنىڭ «سۈنئىي ھالدا مىللەت» تەشكىللەش نەزەرىيىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان، شپىلىنگر «ھەرقايسى مىللەتلەرنى چوقۇم مۇۋاپىق تەشكىللەپ، يېتەرلىك ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە قىلىش لازىم»، «ھەممىنىڭ ئالدىدا بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى تۇرغۇزۇش كېرەك»، «مىللەت تۇرغۇزۇلمىسا، مىللىي قانۇن ـ تۈزۈمنى تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ، مىللىي تالاشنى يوقاتقىلى بولمايدۇ» دەيدۇ. ستالىن بۇنىڭغا قاتتىق تەنقىد بېرىپ، «مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئىگىدارچىلىق

قىلىشى بىلەن مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۆزئارا زىددىيەتلىك، ئۇ مىللەتنى تەشكىللەش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، ئەمەلىي تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاللىقاچان پۈتكۈل گۇرۇھنى بۇ مىللەتلەردىن ئاجرىتىۋەتكەن. شۇنداقلا بۇ گۇرۇھ ھەرقايسى جايلارغا تارقالغانىكەن، ئۇنداقتا سوراپ باقاي، بۇ مىللەتلەرنى سۈنئىي ئۇسۇلدا قانداقمۇ بىرىكتۈرگىلى بولسۇن؟ بوپتۇ بىز ‹مىللەت تەشكىللەش› دەيدىغان بۇ شوئار ئەمەلگە ئاشىدىغان شوئار دەيلى، بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ مىللەتچى پارلامېنت ئەزالىرى تېخىمۇ جىق سايلام بېلىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن «مىللەت تەشكىللەيدۇ» بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما سوتسىيال دېموكراتىك پارتىيىسىدىكىلەردىن سوراپ باقايلى، سىلەر قاچاندىن بېرى بۇ خىل مىللەت تەشكىللەش، مىللەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟» دەيدۇ.

ئەمما ئون يىلدىن كېيىن ستالىن سۈنئىي ھالدا مىللەتلەرنى تەشكىللەپ، تۇرغۇزۇپ، بەرپا قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى سۈنئىي ھالدا دۆلەت تەشكىللىدى، تۇرغۇزدى، بەرپا قىلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى ئۈچۈن ھالاكەت ئورىكى كولىدى. خۇددى ئالىملار ئېيتقاندەك، رۇسىيە چار پادىشاھ دەۋرىدە چوڭ رۇسچىلىقتا بولدى، لېنىن رۇسپەرەسلىكنى ئىسلاھ قىلىپ ئىنقىلابىي مىللەتپەرۋەرلىككە يېتەكلىدى. ستالىن بۇنى يەنە ھاكىممۇتلەقلىققا بۇرىدى. بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردە مىللەتلەرنى تاۋلاپ، پىشقان مىللەتلەرگە ئايلاندۇردى، ئۇلارنىڭ مىللىي ئېڭى قوزغىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلىك بارا ـ بارا ئەۋجىگە چىقىپ، شارائىت ھازىرلانسىلا بۇ يېرىم مەربىيەتلىك كىچىك مىللەتلەر ئۆز ئۇستازىنى ئىرغىتىپ تاشلايتتى. مانا بۇ 1924 ـ يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىيسى ۋە مىللىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ جانلىق سۈرىتى.

# قازاقىستاندىكى مىللىي مەسىلىنىڭ تۈگۈنى

سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشى بىر دەۋرنىڭ تاماملانغىنىدىن دېرەك بەردى. سوغۇق ئۇرۇشلار مەزگىلىدە قۇرۇلغان دۆلەت، مىللەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پرىنسىپلىرىدا تەۋرىنىش بولدى. يەر شارىلىق سىياسىي ھاياتتا بۇنىڭلىق بىلەن قاتتىق داۋالغۇش بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئەڭ چوڭ جۇمھۇرىيەت قازاقىستان ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇستەقىللىق ھاياجانلىرىدىن بوشىنىپ كەلگىنىدە ھېچقاچان ئۇچراپ باقمىغان مىللىي مەسىلىگە يولۇقتى. سوۋېتنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنىڭ بىرى زور مىقداردىكى رۇس ئاكىلار بىر كېچىنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك، دۆلەت تىلىغا يات تىلنى ئىشلىتىدىغان يات مىللەت بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 مىليونى مۇستەقىل قازاقىستاندا ئىدى. بۇلار يولۇققان تۇنجى مەسىلە دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى، قازاقىستان پۇقراسى بولۇشمۇ ياكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پۇقراسى بولۇشمۇ مەسىلىسى ئىدى. ئاللىقاچان باشلانغان روشەن يۈزلىنىش تۈركۈم - تۈركۈم رۇسلارنىڭ رۇس فېدېراتسىيىسىگە كۆچۈشى بولدى. ھازىر ئېيىغا 25 —— 30 مىڭغىچە ئادەم كۆچۈۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ سانىنىڭ 6 مىليونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنچىلىك ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئەمما بۇ مىللىي مەسىلىنىڭ رۇس ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئاللىقاچان ئومۇمىيۈزلۈك ئەنسىزلىك پەيدا قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھەقتىكى

مۇنازىرە قازاقىستاندىكى نۇرغۇن پۇقرالارنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتۇپلا قالماي، بەلكى يەنە قازاقىستاننىڭ مىللىي سىياسىتى، دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە قازاقىستان رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن تارتىپ ياۋروپا - ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوقۇم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## قوش دۆلەت تەۋەلىكى ھەققىدە

ئاتالمىش قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى دېگىنىمىز، قازاقىستاندىكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ قازاقىستان دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ رۇسىيە فېدېراتسىيە دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلىنىڭ قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ھەققىدە مۇنازىرىلەشكۈچى ئىككى تەرەپتە ئوخشىمىغان قاراشلار بار.

نەزەربايوف بىر قېتىم مۇخبىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە: «قوش دۆلەت تەۋەلىكى بىزلەر ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇلار قازاقىستان پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەخسىيلەشتۈرۈش جەريانىدا مۈلۈك ئالىدۇ، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدىنمۇ مۈلۈك ئالالايدۇ، ئەمما قازاقىستاندىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە قوش تەۋەلىكنى يۈرگۈزۈش پەقەتلا مۇۋاپىق ئەمەسكى، ئەكسىچە يول تۇتۇلسا، چوقۇم ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كېتىدۇ». «كىمكى بۇ دۆلەتتىن كەتمەكچى بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى، بىز ئۇنىڭغا ئارىلاشمايمىز.» دەيدۇ. «رۇسىيە قانۇنى قوش تەۋەلىكنى قانۇنلاشتۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا بىر نېمە دەيدىغان يېرىمىز يوق، ئەمما بۇنىڭ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ» دەيدۇ. قازاقىستان ھۆكۈمىتى قوش

دۆلەت تەۋەلىكىنى يولاتمىدى. بۇ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشى، ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. خەلقئارا قانۇندىن ئېيتقاندا، بۇ نەزەر سېلىشقا بولمايدىغان ئىش دەپ قارىدى. ئەمما قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى تەلەپ قىلغۇچىلار شەخسىيلەشتۈرۈش جەريانىدا قوش نەپ ئۇندۇرۇشنى كۆزلەيدۇ، دەيدىغان رەسمىيلەشتۈرۈلگەن ئېيتىشنىڭ كىشىنى قايىل قىلىشى تەس ئىدى. چۈنكى بۇ مەسىلىنىڭ جان يېرى ئەمەس.

قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى گەپ تارىخ دوكتورى ماسلوف بىلەن مۇخبىرنىڭ سۆھبىتىدە ئەڭ ئوچۇق بايان ئېتىلگەن: (1) مەزكۇر مەسىلىنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى، پارلامېنتى تاپقان. ئۇ پارلامېنت ۋە ھۆكۈمەتتە تەدبىر قوللىنىشتا ئالدىراقسانلىق، يېنىكلىك كۆرۈلدى دەپ ئەيىبلىدى. ھەتتا ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇرۇپ، 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆز دۆلەت تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ رۇسىيىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىقتىساد ۋە سىياسىي دائىرىسىدە ياشاپ ئادەتلەنگەن ئادەملەرنى ھەيران قالدۇردى. (2) قوش دۆلەت تەۋەلىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، ئۇ «كىشىلەرنىڭ قىلماقچى بولغىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن دېرەك بېرىدۇ. قوش دۆلەت تەۋەلىكگە ئېرىشمەكچى بولغانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش كېرەك» دەيدۇ. ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ بىئارام قەلبىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى كىشىلىك ھوقۇققا تاقاش سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك. قوش دۆلەت تەۋەلىكنىڭ ئۆزى ئومۇمىي جەھەتتىن خەلقئارا قانون كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بۇ ھەقتىكى مۇزاكىرىمىزنى كېيىنگە

قالدۇرىمىز. بەزى خەۋەرلەردىن قارىغاندا قازاقىستاندىكى «قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى» جىنىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان سىلاۋىيانلار تەشكىلاتى «لاد» بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇنىڭ بىلەن قازاقىستاندىكى رۇسلارنى قوزغاپ بۇ دۆلەتتىن كەتمەسلىكتىن ئىبارەت.

1991 - يىلى يىلىتىن باش بولۇپ، رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى جاكارلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆزۈل - كېسىل دەپنە قىلدى. ئەمما 25 مىليون رۇس شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا چەت ئەللەردە تاشلىنىپ قالدى. بۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەي بولمايتتى. رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىر تەرەپتىن، قانۇنىي جەھەتتىن قوش تەۋەلىكنى ئېتىراپ قىلىپ، دۆلەت سىرتىغا چىقىپ قالغان رۇسلار ئۈچۈن يول ئاچسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئالاقىدار دۆلەتلەرگە بېسىم قىلىپ، قوش دۆلەت تەۋەلىك لايىھىسىنى قوبۇل كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. رۇسىيە پارلامېنت ئەزاسى زاتلىن قازاقىستان تەرەپكە خىتاب قىلىپ: «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە خەيرخاھلىق، كەڭچىللىك قىلىش ناھايىتى مۇھىم» دەپ كېلىپ، «ئەگەر ئۆزۈن چېگرالاردىن بىرى بولغان قازاقىستان رۇسىيە چېگرىسىنى ئىككى تەرەپ سەرسانلىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقنى» ئەسكەرتتى. بۇ ئەھۋالدا قازاقىستان ئىككى مۇشكۈلدە قالىدۇ: قوش دۆلەت تەۋەلىكنى ئېتىراپ قىلمىسا، مۇساپىرلىق دولقۇنى پەسەيمەيدۇ. دۆلەت ئەمگەك كۈچى بايلىقىدىن، مۇتەخەسسىسلەردىن ئايرىلىدۇ، يەنە رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ چىشىغا تېگىدۇ. قوش تەۋەلىكنى ئېتىراپ قىلسا، بۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بىرلا ۋاقىتتا قوشنا دۆلەتنىڭ پۇقراسىغا ئايلىنىدۇ، مۇنداق بولغاندا، دۆلەتنى دۆلەت قىلغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىلىلى دېگەن

تەقدىردىمۇ قازاقلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان پارلامېنتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. كۈندىن - كۈنگە ئەۋجلىنىپ كېتىۋاتقان قازاق مىللەتچىلىرى تېخىمۇ قوللىمايدۇ. كۆپ تەرەپلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا قازاقىستان ھۆكۈمىتى پەقەت سۈندۈرۈش لايىھىسىنى قوللاندى. يەنى قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان شەرت ئاستىدا بىر تەرەپتىن، دۆلەت تەۋەلىكىنى بېكىتىشنىڭ چېكىنى 1995 - يىلى 3 - ئايغا سۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن سۆزلىشىپ قازاقىستاندىكى رۇسىيە پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت ۋە ئولتۇراق جايلىرىنى ئاسانلا تېگىشىشكە يول قويدى، ئەمما قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ھەرگىز قانائەتلەنمىدى. دوكتور ماسلوف «بۇ بىر ئېنىقسىز قارار، چەك ئۇزارتىلدى، بىراق دىۋە بوتۇلكىدىن چىقتى. پرىنسىپال مەسىلىلەر پەقەت ھەل بولمىدى» دەپ قارىدى. «رۇسىيە تەرەپمۇ رازى بولمىدى، بۇ قوش دۆلەت تەۋەلىكى ئەمەس، دۆلەت تەۋەلىكىنى ئۇزارتىش دەپ قارىدى. رۇسىيە زۇڭتۇڭ كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىس مىگلان ئاشكارا ھالدا: «قازاقىستاننىڭ بۇ لايىھىسىنى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى قوبۇل قىلالمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. رۇسىيە فېدېراتسىيىسى پارلامېنتى 1994 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلارنىڭ ئورنىنىڭ ئىلمىي ئەمەلىيىتى چوڭ يىغىنى» ئاچتى. يىغىن مەزگىلىدە نۇرغۇن ھۆججەتلەر تارقىتىلدى. قازاقىستاننىڭ دۆلەت تەۋەلىكى قانۇنى ۋە رۇس تىلىدىكى خەلقنى «مەنسىتمەيدىغان» مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقلارنى قاتتىق تەنقىدلىدى. رۇسىيە پارلامېنت ۋەكىلىنىڭ ئالمۇتىدا قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىدە ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈشىدىن قازاقىستان تەرەپتە نارازىلىق بولدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ پارلامېنت ۋەكىلى

خەقنىڭ ئالدىدىلا خورلانغان بولۇپ، ئۇ بىزدە يەنە ژىرووۋسكىي بار دەپ ۋارقىرىغان. قوش دۆلەت تەۋەلىكى رۇسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى خەلقئارا قانۇنلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى. دۆلەت تەۋەلىكى ھەرقانداق دۆلەت ۋە شەخسنىڭ ھەممىسىگە مۇھىم. شەخس ئۇچۇن دۆلەت تەۋەلىكى ئۆزى بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشىنىڭ بەلگىسى. بىر دۆلەت تەۋەلىكىدە بولۇش مەزكۇر دۆلەت قانۇنى ئاساسىدا بەلگىلىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش، بەلگىلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەشتىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەت ئۇچۇن ئېيتقاندا، دۆلەت تەۋەلىكى ئۆز پۇقرالىرىغا دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئاتىدارچىلىق قىلىشتىكى قانۇنىي بەلگە. دۆلەت مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئۆز پۇقرالىرىدىن دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا دۆلەت تەۋەلىكى بولىدۇ. خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، پۇقرالارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى دۆلەت قانۇن تۈرغۇزۇپ ئۆز ئالدىغا بېكىتىدۇ. دەل مۇشۇ ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا چىقارغان قانۇنلار ئوخشىمىغاچقا، «قوش دۆلەت تەۋەلىكى» دەيدىغان بۇ غەلىتە نەرسە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. قوش دۆلەت تەۋەلىكى شەخس ۋە دۆلەتنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئەپسىز، شەخس مۇشۇنىڭلىق بىلەن مۇشكۈلگە قېلىشى، دۆلەتلەر ئارىسىدا بۇنىڭلىق بىلەن تالاشلار بولۇشى مۇمكىن. تارىختا بۇنىڭغا دائىر مىساللار كۆپ. مەسىلەن، 1812 ـ يىلى ئەنگلىيە «مەڭگۈ سادىق بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتۈشىگە ئوڭايلىق ياراتقان ۋە يەنىلا ئۇلارنى ئەنگلىيە پۇقراسى دەپ قېلىپ، ئۇلارنى ھەربىي خىزمەتكە مەجبۇرلاپ ئامېرىكا

بىلەن دېيىشىپ قالغان. مانا مۇشۇ سۈركىلىش ئەينى چاغدا ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئۇرۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قوش دۆلەت تەۋەلىكى ئۆچىنچى بىر دۆلەتكە چەت ئەللىكلەرنى باشقۇرۇشتا قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بىرلا ۋاقىتتا ھەم قازاقىستان، ھەم رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى بىرى ئۆچىنچى بىر دۆلەتكە كەلدى دەيلى، ئۆچىنچى بىر دۆلەت بۇ ئادەمنى رۇسىيىلىك دەمدۇ؟ قازاقىستانلىق دەمدۇ؟ بولۇپمۇ قوش تەۋەلىكتىكى مەزكۇر كىشى دەۋا ۋە جىنايى ئىشلارغا چېتىلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بۇ مەسىلە قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟ شۇڭا ئىرىشىپ مەملىكەت ئىچىدە قانۇن تۇرغۇزۇپ، ئىككى تەرەپ بىتىملىشىش شەكلى ئارقىلىق ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ خىل نورمالسىز ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئازايتىش ئالدىنقاچان روشەن يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار خەلقئارا قانۇندىكى تۈپ ساۋاتلار، بارلىق خەلقئارا قانۇن دەرسلىكلىرى ئومۇمەن بىردەك مۇشۇنداق يېزىلىدۇ. قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىۋاتقان دوكتور ماسلوف بۇلارنى بىلمەي قالمايدۇ. ئەمما ئۇ شۇنداقتىمۇ پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ ئىركىشىۋاتىدۇ. رۇسىيە فېدېراتسىيىسى پارلامېنت ۋەكىلىمۇ خەلقئارا قانۇن نوقتىسىدىن ئۆز نوقتىئىنەزىرىنى دەلىللىيەلمەي پەقەت: «چوقۇم خەلق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش كېرەك. نۇرغۇن ئادەم قوش دۆلەت تەۋەلىكىدە بولۇشنى خالايدۇ» دېيەلىدى. ئەمەلىيەتتە مەسىلىنىڭ تۈگۈنى «قوش دۆلەت تەۋەلىكى» بولامدۇ، بولمامدۇ مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى نېمىشقا بۇ مەسىلە پەيدا بولىدۇ، نېمىشقا دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ تاللىنىشى قازاقىستاندىكى رۇسلاردا مۇنداق زور ئالاقىزادىلىك، ئەنسىزلىك

پەيدا قىلىدۇ مەسىلىسى. «قازاقىستان ھەقىقەت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان دىۋانوفنىڭ ماقالىسى بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلغان. دىۋانوف روشەن كۆرۈپ يەتكەنكى، «قوش دۆلەت تەۋەلىكى ھەرقانداق مۇستەقىل دۆلەتكە نىسبەتەن بىردەك ئەخمىقانە سىياسىي تۇيۇق يول. خوتۇننى مېنىڭ ھەم قوشنامنىڭ دېيىشكە بولۇش ـ بولماسلىق مەسىلىسى. قازاقىستاندا % 70 ئاھالە قازاق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا باشقا دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇپ كەتسە، ئۇنداقتا قازاقىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭچە ھازىر قوش دۆلەت تەۋەلىك ئىدىيىسى غەيرىي يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا مۇنداق كەڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەب، يېقىنقى يىللاردىكى قازاقىستاندا «دۆلەت تەۋەلىكى كەمتۈكلۈك كېسەلى» سەۋەبىدىندۇر. بۇ ھەقتە دىۋانوف مۇنداق دەيدۇ: «قازاقىستان خاس مىللىي دۆلەتكە ئايلانغاچقا تىل، مائارىپ، كادىرلار سىياسىتى جەھەتلەردە مەسىلە كېلىپ چىقىپ، كۆپ قىسىم ئاھالىلەر روھىي ۋە تارىخىي، ئورۇن جەھەتتىن باشقا دۆلەتلىك بولۇپ، ئاتالمىش غەيرىي يەرلىك ئاھالە ئىككىنچىلەر، مېھمانلار بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ قوغدىشىدىن مەھرۇم قىلىپ، باشقا دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ قوغدىشىنى ئىستەپ قالدى. «خاس مىللىي دۆلەت» توغرىسىدىكى مۇزاكىرىنى كېيىنگە قالدۇرىمىز. بۇ يەردە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئوتتۇرىغا تاشلايدىغان بىر مەسىلە، بۈگۈنكى قازاقىستاندا زادى «غەيرىي يەرلىك» مىللەتلەرنى چۆكۈرۈش مەسىلىسى بارمۇ ـ يوق مەسىلىسى. بۇ ھەقتە رەھىمدىللەر رەھىمدىللىقىنى، ئەقىللىقلار ئەقىللىقلىقىنى قىلىپ تۈرلۈكچە گەپلەرنى بازارغا سالماقتا.

قازاقىستاننىڭ مۇخبىرلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى ك. نەۋرۇزبايوف چۆكۈرۈش مەۋجۇت دەيدىغان

قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي قازاقىستاندا ھازىر قانچىلىك رۇس مەكتەپلىرى، گېزىتى، رۇس تىلىدىكى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىقلار بارلىقىنى سانايدۇ. ئالمۇتا ۋە سىپالاتىنىسكتىكى شەرق ئېپىسكوپىنىڭ «دىنىي ئېتىقات مۇراسىملىرى جەھەتتە چۆكۈرۈش بار دېگىلى بولمايدۇ» دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. نەۋرۇزبايوف رەددىيە بېرىپ: «قازاقىستان شىمالىدىكى ئوبلاستلاردا نوپۇسنىڭ 15 % ـــــ 20 % تىنى ئىگىلەيدىغان قازاقلار قازاقىستاندىكى باشقا مىللەتلەرنى قانداقمۇ ئىزەلىيسۇن.» دەيدۇ. ئۇ ھەتتا موسكۋادىكى ئىسرائىلىيە ۋە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كونسۇلخانىلىرى ئالدىدىمۇ نۇرغۇن پۇقرالار ئۆچرەتتە تۇرۇپ چەتكە چىقىش ئۇچۇن پاسپورت تەستىقلىتىۋاتامدۇ، دېگەنلەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ گەپنىڭ تېگىدە رۇسلارنىڭ توپ ـ توپ چەتكە مېڭىشى مىللىي كەمسىتىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، دېگەن گەپ بار. گەرچە بۇ مۇخبىر بىر تەرەپلىمە مىسال كەلتۈرۈپ: «رېئاللىق»قا كېسىم قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى پەقەت مەلۇم تەشۋىقات قىممىتىگىلا ئىگە. قازاقىستان رۇسلىرىنىڭ ئەزەلدىن ئۆز كەچۈرمىشلىرى بار. مەسىلەن، بىر مۇفتى مۇنداق گەپلەرنى قىلغان: «قازاقىستاندا ئولتۇراقلاشقان قازاقتىن باشقا بارلىق كىشىلەر قازاقىستانغا مۇساپىر. ئۇلارنىڭ مۇساپىرلىق ۋاقتى توشۇپ يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاخ بولۇپ قالدى.» يەنە مەسىلەن، ئاشقۇن مىللەتچىلەر بولغان ئالاش پارتىيىسى «رۇسلارنى قوغلايلى» دېگەن شوئارنى توۋلىدى. سىپايى قازاق دېموكراتىك پارتىيىسى بۇ شوئارنى قوللىمىغان بولسىمۇ، ئەمما «يەنىلا قازاقىستان قازاقلارنىڭ ۋەتىنى، بۇ باشقا مىللەتلەر بۇ يەردە ياشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىش

هوقۇقى يوق دېگەنلىكمۇ ئەمەس» دەپ قارىدى. ھۆكۈمەت تەرەپ: «كىشىلەر رۇسىيىگە كېتىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشى، ئوخشاش ئەمگەكنىڭ مائاشى يۇقىرى، تاۋار، يېمەك ـ ئىچمەك ئەرزان، ھەتتا نەچچە ھەسسە ئەرزان» دېگەنگە ئىشىنىشكە تېخىمۇ مايىل.

پسىخولوگىيە دوكتورى لۇجنوۋا ۋە تارىخ ئورۇنباسار دوكتورى ئايخانوف بىرلىشىپ يازغان «قازاقىستاندىكى رۇسلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت قويىنغا ماسلىشىش مەسىلىسى» دېگەن ماقالىسىدە پسىخىك ئانالىز يولى بىلەن بۇ نوقتىنى يورۇتىدۇ. «قازاق زىيالىيلىرىنىڭ مىللىي قەد كۆتۈرۈشكە تۇرلۇكچە كۆچەشلىرى بىپەرۋالىق خاراكتېرىدە بولۇپ، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما بىزچە بۇ خىل يېڭىچە قازاقلاشتۇرۇش خاھىشى ئۆتمۈشتىكى «رۇسلاشتۇرۇش» نىڭ ئەكسىچە بولۇپ، چوقۇم رۇسلارنىڭ قوبۇل قىلىشچانلىقىدىن ئارتىپ كەتكەن. شۇنىڭلىق بىلەن ھەمراھ مىللەت خەلقى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ قازاقىستان تۇپرىقىدىكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ئەنسىزلىكنىڭ ئاساسىي يوق تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت. ئۇلار «ئۆزىنى توختىتىپ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، قازاقىستاندا ياشاۋاتقان رۇسلار ۋە يارلىق باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئالاھىدە مەنپەئەتكە ئىگە، دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەمدە «بۇ مەسىلىنى تەڭشەپ ھەل قىلىۋەتكىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما كاتتىۋاشلار سىياسىي جەھەتتە مەسىلە يوقلۇقىغا ئىشىنىدۇ. قايتا ـ قايتا «بىزگە كەلگۈسى بارلىق ئاپەت —— ھازىرقى قانۇن بەلگىلىمىلەرگە سەل قاراش، ئۇنى بۇزۇش ۋە ئىجرا قىلماسلىقتىن كېلىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئاشقۇن پىكرى مۇنداق: «قازاقىستاندا يۇرگۈزۈلۈۋاتقىنى پەردازلانغان ھاكىممۇتلەقلىق

سىياسىتى، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ» ، «بۈگۈنكى كۈندە دەسلەپكى ۋە ئاساسىي قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلى زور كۆلەمدىكى كۆچمەنلەر دولقۇنى، كىشىلەر ئايرىلىش بىلەن ئامەت ۋە ئۈمىدلۈكرەك كەلگۈسى ئىزدىدى. يەنە بەزىلەر سەن بۇ يەردە نېمە قىلىمەن دېسەڭ قىلىۋېتەلەيسەن، ھامىنى كېتىشىم كېرەك، دېدى. بۇنى يەنىلا پاسسىپ قارشىلىق شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. كەلگۈسىدە سىياسىي دائىرىدە چوقۇم ئاكتىپ قارشىلىق بولىدۇ. ئېرېدىنتىزم بولىدۇ (ئىتالىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى) بۇ دەھشەتلىك ئاقىۋەتتۇر. ناۋادا مىللىي ھېسسىيات، ئوقچۇۋاتقان تەلۋىلىك، يېتىلمىگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەخمەقلىقى بىلەن ئۇدۇللىنىپ قالسا مۇشۇنداق بولمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

قوش دۆلەت تەۋەلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە. تۈركمەنىستان، قىرغىزستاندىكى رۇسلارمۇ بىردەك مۇشۇ تەلەپتە. بىراق ئۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالى قازاقىستاندىن پەرقلىق. مەسىلەن، تۈركمەنىستاندا پەقەت 400 مىڭ رۇس بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 10 تىنى ئىگىلەيدۇ. قىرغىزستاندىكى رۇسلار 940 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 21 تىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە قىرغىزىستان بىلەن تۈركمەنىستان رۇسىيە بىلەن چېگرالانمايدۇ. قازاقىستاندا دۆلەت تەۋەلىكى ئېلىپ كەلگەن مەسىلە ھەرقايسى تەرەپلەر ئۈچۈن قىيىن مەسىلە. قازاقىستاندىكى رۇسلار ئۈچۈن مەيلى قانداقلا قارشىلىق كۆرسەتسۇن، رۇسىيىلىك ياكى قازاقىستانلىق بولۇش نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلە. قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئۇگىمۇ - تەتۈرىمۇ مۇشكۈل بولۇپ، تېخى ياخشى تەدبىردىن بېشارەت يوق. نەزەربايېف «مەيلى رۇسلار بولسۇن، گېرمان -

ئىتالىيانلار، ئوكرانلار ۋە ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى كەتمىسۇن، خاتىرجەم ياشاڭلار، ھېچنېمە بىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ زېمىنىڭلار، سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلار بۇ يەردە مەڭگۇ ئۇۋۇاللىقا قالمايسىلەر» دەپ جاكارلىدى. ئەمما، ھەقىقىي يوسۇندىكى ئەمەلىي يۈرگۈزۈلىدىغان تەدبىر بولمىغىنىدا مۇنداق جاكار ھەرقانچە تەسىرلىك بولغاندىمۇ يەنىلا كۈچسىز بولىدۇ. 1995 ـ يىلىنىڭ بېشى دۆلەت تەۋەلىكىنى تاللاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى توشقىلىۋاتقاندا، نەزەربايېف پەقەت ئۆزى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋاغا بېرىپ سۆھبەتلا قىلالىدى. ئاخىرى ئىككى نوقتىنى بېكىتتى. بىرىنچى، بىر دۆلەتتە ئۆز ئۆز مەزگىل تۇرغان يەنە بىر دۆلەت پۇقراسى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرى ۋە دىپلوماتىيىدە ۋەزىپىگە قويۇلمىغانلا بولسا، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا شۇ جايدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ دۆلەت مۈلكىنى شەخسىيلەشتۈرۈشكە قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىككىنچى، ئىككى تەرەپ پۇقرالىرىنىڭ قارشى تەرەپ دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئولتۇراقلىشىش ۋاقتى دېگەندەك شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسى گەرچە پۈتۈنلەي ھەل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇنىڭلىق بىلەن پەيدا بولغان قارشىلىشىش زور دەرىجىدە پەسەيدى.

## ئىككىنچى دۆلەت تىلى مەسىلىسى ھەققىدە

قازاقلارنىڭ قازاقىستاندىكى ئاساسىي مىللەت بولۇشى سۈپىتى بىلەن ئۆز نوپۇسىنىڭ قازاقىستاندا كۆپ سانلىق

ئەمەسلىك ئەندىشىسىدىن باشقا يەنە قازاق تىلىنىڭ ئورنىنى يوقىتىپ قويۇش غەم - غۇزىسىسى بار. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن بۇرۇن نەزەربايوف مۇنداق بىر ئەندىشىنى بايان ئەتكەندى: «ئاساسىي مىللەتنىڭ تىلى دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ئىشلىتىلمەي تۇرمۇش تىلى، ئائىلە تىلى بولۇپ كەتتى. تەخمىنەن % 30 قازاق، قازاق تىلىدا پەقەت سۆزلىشەلمەيدۇ ياكى تۇزۇك سۆزلىشەلمەيدۇ. بۇ ياش بىر ئەۋلادنىڭ ئۆز بىلىمىنى يوقاتقانلىقىنى، مەنىۋى ۋارىسچانلىقنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، خەلقنىڭ قايناق مەدەنىيەت بۇلاقلىرىنىڭ قۇرۇغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ». 1989 - يىلى قازاقىستاندا تىل قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، قازاق تىلىنى دۆلەت تىلى، رۇس تىلىنى مىللەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش تىلى قىلدى. بۇ قانۇن گورباچېفنىڭ «يېڭى تەپەككۇر»، «ئىسلاھاتى» شارائىتلار ئوتتۇرىدا چىققان بولۇپ، سوۋېت تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىدىغان مودا دولقۇنغا ئۇلگۇرگەندى. لېكىن شۇ چاغدىمۇ تالاش - تارتىش بار ئىدى. قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بۇ تىل سىياسىتى ئاساسىي قانۇن ماددىسى شەكلىدە مۇقىملىشىپ تېخىمۇ جۇلالاندى. 1993 - يىلى نەزەربايوفنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇزۇن ماقالىسىدە تەكىتلىنىپ «قازاق تىلىنى ئۆگىنىش مەجبۇر ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق بولۇش لازىم. تەشكىلىي ۋە مېتود جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ كىچىكىدىن ئۇنى ئۆگىنىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا ھەربىر قازاقىستان پۇقراسى ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشى لازىم».

«يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى قىسمەن قازاق ياشلىرىنىڭ قازاق تىلىنى بىلمەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەتمۇ قازاق تىلىنىڭ قازاق خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ

جارى قىلدۇرۇشنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرسەتتى. زۇڭتۇڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەسلىسى كومىتېتى «قازاقىستان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىل سىياستى ھەققىدە مەخسۇس سۆزلەپ، «زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، ئۆتمۈشتىكى خاتا سىياسەت پەيدا قىلغان قازاق تىلىنى تۇرمۇش تىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش خاتالىقىنى پەيدىنپەي تۈزىتىش، كۈچەيتىش لازىم. ھازىردىن باشلاپ قازاق تىلىنىڭ دۆلەت تىللىق ئورنى ئېنىق بولدى. قەتئىي تەۋرەنمەي ئۇنى گۈللەندۈرۈش، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، شۇنداقلا سىياسىيدا، دۆلەتتە، پەن ـ تېخنىكىدا، مەدەنىيەتتە، تۇرمۇشتا ۋە باشقا ساھەلەردە ئۇنى تولۇق ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە ئىگە ئۇنىۋېرسال تەدبىرى. بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە» دېدى.

قازاقىستاننىڭ بۇ تىل سىياسىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىقا ئىگە ھەمدە جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قەتئىي ئىجرا قىلىنىشى بارغانسېرى رۇسلار ۋە رۇس تىلىنى ئىشلىتىدىغان ئاھالىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراۋاتىدۇ. «تىلنىڭ ۋەزىپىسى ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، قازاقىستاندا زور كۆپچىلىك ئادەم ئالدى بىلەن رۇس تىلىنى ئىگىلەيدۇ، 38 % قازاق رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغان. زورلۇق بىلەن، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىش يولى بىلەن قازاق تىلىنى كېڭەيتىش، تىل قانۇنىيىتىگە خىلاپ، بۇ پەقەت قازاقىستاننى 18 ـ ئەسىرگە ئاپىرىۋېتىدۇ. ئۇ خىل ‹تىل ئەقىدىچىلىكى›، ياكى تىل ‹ساپچىللىقى› دىن چىقىپ بەللىرى مۇكچەيگەن ئالىملارنىڭ كونا قازاق تىلىدىن ماگنىتلىق ئۈنئالغۇ،

پىرۋاقىزادىيە، شەخسىيلەشتۇرۇش دېگەندەك زامانىۋى پەن - تېخنىكا، ئىجتىمائىي زۆرۈرلۈك ئورنىغا دەسسىگۈدەك سۆزلۈك ئىزدىشى پۈتۈنلەي ئالجىغانلىق»، كىشىلەر ئۆزلىرىگە مەجبۇرلانغان ئىشلارغا پەقەت دۈشمەنلىكتە بولىدۇ. قازاق تىلى خېلى كۆپ كىشىلەر ئۈچۈن ئاچچىق قىلىش ۋە چېچىلىشنىڭ پىلتىسى. بۇ كىشىلەر قەتئىي هالدا رۇس تىلىنى ئىككىنچى دۆلەت تىلى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

نەزەربايوفنىڭ بۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى «قازاقىستان ئاساسىي قانۇنىدا رۇس تىلى مىللەتلەر تىلى، دۆلەت تىلى بىلەن باراۋەر ئىشلىتىلىدۇ دەپ، بەلگىلىگەن. دۆلەت تىلىنى ياكى رۇس تىلىنى بىلمەسلىكتىن كىشىلىك هوقۇق سۇنىدىغان ئىش قازاقىستاندا چەكلىنىدۇ. جۇمهۇرىيەتمۇ قازاق تىلىنى بىلمەسلىكتىن زىيانلانغان ئادەم پەيدا قىلمايدۇ؛ ئەمما تىل قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى ناهايىتى قەتئىي. مەسىلەن، دۆلەت تىلى بولغان قازاق تىلىنى ئىگىلەش بەزى كەسىپلەرنىڭ ئاساسىي شەرتى. بۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جان بېقىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، تىل قانۇنىنى ئىجرا قىلىدىغان تەدبىرلەر ناهايىتى كۈچلۈك. مەسىلەن، هۆججەت ماۋزۇلىرىنى دۆلەت تىلى بولغان قازاق تىلىدا يېزىشقا ئېنىق چەك بېكىتىلگەن. 1989 - يىلىدىكى پۈتۈن رۇسىيە نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا قازاقىستاندا رۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قازاقتىن باشقا مىللەتلەردىن پەقەت % 0.9 كىشىلا قازاق تىلىنى بىلىدۇ، بۇ باشقا خەلقلەردىن % 99 (تەخمىنەن 9 مىليون) كىشى قازاق تىلىنى بىلمەيدۇ دېگەن گەپ. ئەمما، هۆكۈمەتنىڭ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. بىر ئەمەلدار تىل قانۇنىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئىنكار قىلمىغاندىمۇ، ئەمما قەتئىي هالدا مەسىلە پارلامېنت ماقۇللىغان

مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردە ئەمەس دەپ بىلىپ، «ئەگەر ئاساسىي قانۇننىڭ 8 ـ ماددىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلساق، يەنە دۆلەت مىللەتلەر ئارا بىر تىلدا ئىدىيە ئالماشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلسا، ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەرمەس ئىدى» دەيدۇ. بىر قازاق پارلامېنت ئەزاسى «خەلقىم تىل مەسىلىسىگە ئەمەس، مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىگە مۇئامىلە قىلىنىۋاتىدۇ. ئىش شۇنداق ھالەتتىكى، گاس ـ گاچىمۇ نان ۋە گۆش باھاسىنىڭ دەھشەتلىك ئۆسۈشىگە يۈزلىنىدۇ» دەيدۇ.

ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك گەپلىرىنى قانداق تەھلىل قىلىش، قانداق باھالاش كېرەك؟ ھەممىدىن مۇھىمى، كۆپ تىللىق جەمئىيەتتە، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئالدىدىكى خىزمەتلىرى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ مەسىلىگە قاراش كېرەك. تىل سوتسىئولوگىيە نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا بۇنىڭدا ئىككى خىل ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئېھتىياج مەۋجۇت يەنى «قوبۇل كۆرۈش ئېھتىياجى» ، «چۈشىنىش ئېھتىياجى» .

«قوبۇل كۆرۈش ئېھتىياجى» ھەربىر ئادەم ھەرقانداق سورۇندا بىردەك بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزلۈكىدىن باللىق دەۋرىدە ئىگىلىگەن تىلنى ئىشلىتىپ كۆرىدۇ. «چۈشىنىش ئېھتىياجى» مەلۇم مىللەتتىكى خالىغان كىشى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن پايدىلىق، بۇ خىل ئالاقە تەرجىمان ئىشلەتمىگەن شارائىتتا ئۆزلۈكىدىن بولىدۇ. ناۋادا ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى نىسپىي بېكىك، ئېھتىياجى ئالدى بىلەن قانائەت تېپىش كېرەك دېسەك، ئۇنداقتا زامانىۋى جەمئىيەتتە ئورتاق بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شەھەرلىشىش ۋە مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقانداق دۆلەتتە «چۈشىنىش ئېھتىياجى» ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا دۆلەتلىك ئورۇنغا ئىگە غول تىل يەنى دۆلەت

تىلى شەكىللەندى. بۇ كۆپ ھاللاردا ئاساسىي مىللەتلەرنىڭ تىلى بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل جەمئىيىتى ئۈچۈن «چۈشىنىش ئېھتىياجى» نى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئاساسىي مىللەت ئۈچۈن بولسا چۈشىنىش ئېھتىياجى بىلەن قوبۇل كۆرۈش «ئېھتىياجىنىڭ» جۈغلىنىشى بولدى. باشقا تىللار ياكى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ، ياكى بىر مىللەت دائىرىسىدە كۈندىلىك تۇرمۇش تىللىق سالاھىيىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ھازىر دۆلەت تىلى سىياسىتى مەيلى چەكلىسۇن، مەجبۇرلىسۇن، ئاسسىمىلياتسىيە قىلسۇن، مەيلى مەدەنىيەت ئاپتونومىيىسى ياكى شەكلەن تىل باراۋەرلىكى دېگەندەك ۋاستىلەرنى قوللانسۇن، ھامىنى «چۈشىنىش ئېھتىياجى» نى يېتەرلىك قوۋۋەتلەيدۇ. «قوبۇل كۆرۈش ئېھتىياجى» بولسا مىللىي ھەرىكەتلەر بىلەن قوۋۋەتلىنىدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلايدۇكى، قوبۇل كۆرۈش «ئېھتىياجى» بىلەن «چۈشىنىش ئېھتىياجى» نىڭ زىددىيىتى مىللىي ھېسسىياتقا تاقىلىپ قالمىسىلا، ئادەتتە جىددىيلىشىپ كەتمەيدۇ. ئەمما ناۋادا ئەقلىدىن نېرى مىللىي ھېسسىيات بىلەن بىرىكىپ قالسا، ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ». چۈنكى ئۇ ئاران تۇرغان ئەشەددىي مىللەتچىلەرگە نىسبەتەن بىباھا ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. تىل دەخلىگە ئۇچراپلا قالسا، گاس، گاچا، قارىغۇ بولسىمۇ ئۇ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

بىز يەنە قازاقىستاندىكى تىل مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىمىزگە كېلەيلى. قازاقىستان قازاقلارنىڭ دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن «زىيانلانغان»، «زىيانكەشلىككە يولۇققان» مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئويلاپ، قازاق تىلىنى دۆلەت تىلى قىلدى. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسىي بار. مەسىلەن، بۇ سىياسەت قازاقىستاننىڭ تىل شارائىتىغا ماس ئەمەس. مەيلى قانداق سەۋەب

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قازاقىستاندىكى ئاساسىي مىللەت قازاقلار جۇمھۇرىيەت نوپۇسى ئىچىدە كۆپ سانلىق بولالمايدۇ. شۇنداقلا ئەسلىدىلا ئاز سانلىق قازاقلار ئىچىدە يەنە $\frac{1}{3}$ ى ئۆز تىلىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. ھازىر قازاقىستاندا رۇس تىلىنى قوللىنىدىغانلار 7 مىليون 797 مىڭ بولۇپ، نوپۇسنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدۇ. شۇنداقلا قازاق تىلىنى بىلىدىغان قازاقلاردا ئۆز تىلىنى ئىگىلەش دەرىجىسى جەھەتتە روشەن تەڭسىزلىك بار. ئۆز تىلىغا پىششىقلىق ياكى «قوبۇل كۆرۈش ئېھتىياجى» دىكى قازاق تىلىدىكىلەر قانداق قىلغان بىلەن نوپۇسنىڭ % 20 دىن كۆپ ئەمەس. قازاقىستان تىل سىياستىنىڭ تراگېدىيىسى نوپۇسنىڭ % 20 تىنى ئىگىلەيدىغانلارنىڭ «قوبۇل كۆرۈش ئېھتىياجى» نى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ «چۈشىنىش ئېھتىياجى» قىلىپ، «قوبۇل كۆرۈش ئېھتىياجى» بىلەن «چۈشىنىش ئېھتىياجى» نى ئەكسى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويىدى. ھۆكۈمەت مىللەتچى تەرەپلەرنى چىقىش قىلىپ بۇ خىل خاتا سىياسەتتە قەتئىي تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كېلىشتىن ئۆزىنى تارتالماي، يېتىم ۋە ئەندىشىلىك ھالدا قالدى. خاتا سىياسەت، ھاپىلا ـ شاپىلا قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ پەقەت ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. ئۆكتىچىلەر رەددىيە بېرىپ قازاقىستاندا مۇنداق كەسىپ ئۇقمايدىغانلار بار، مەن بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ نومۇسسىز، مەنپەئەتپەرەسلىكى بىلەن بۇ نۇقتىنى شەرھلىيەلەيمەن. ئۇلاردا رىقابەت كۈچى يوق، پەقەت تىل ۋە مەدەنىيەتنى بايراق قىلىپ، سۈنئىي، تار ئاساسلار بىلەن ئالاھىدە ھوقۇق ۋە شەخسىي نەپ ئالماقچى» دەيدۇ. بۇ گەپ ناھايىتى ئوچۇق ۋە ئۆتكۈر بولغان، ئەمما شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ زور

قۇترانقۇلۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى يامانلىشىشقا ماڭغاندا، رۇسلار ۋە رۇس تىلىنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ غەزەپلىرىنى قوزغاشقا يېتەرلىك. ئۇلار مىللەتلەر تىلى دۆلەت تىلى بىلەن باراۋەر دەيدىغان ئېيتىشلارغا ئىشەنمەيدۇ. بەلكى هازىرقى قازاق تىلىنى گۈللەندۈرۈش سىياسىتىنى بىزنىڭ ئورنىمىزنى سۇندۇرىدۇ دەپ بىلىدۇ. ئومۇمەن هازىر ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىككىنچى دۆلەت تىل هەرىكىتىنى، دۆلەت تىلى، مىللەتلەر تىلى ئارىسىدىكى ئۆز ئۇنغا سوزۇلغان تالاش ـ تارتىش دەپ قارىماسلىقى كېرەككى، ئۇ قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىگە ئوخشاش قازاقىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئىنكاسى. يېقىندىن بېرى قازاقىستان هۆكۈمىتى زىيادە ئاشقۇن تىل سىياسىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشىدى. رۇس تىلى گەرچە ئېنىق قىلىپ ئىككىنچى دۆلەت تىلى دەپ بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىش ئاساسەن تىنجىدى.

## مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسى هەققىدە

قوش تەۋەلىك ۋە ئىككىنچى دۆلەت تىلى قازاقىستاندىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئىنكاس قىلغان نازۇك مەسىلە بولۇپ، ئۇنى توغرا تونۇش ۋە باهالاش مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالماي قالمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردە مىللەت، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ۋە مىللىي دۆلەت هەققىدە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

مىللەت. ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى هەققىدە تا بۈگۈنگىچە قەتئىي ۋە ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان ئېنىقلىما بولماي كەلدى. مەيلى

قان سىستېمىسى جەھەتتىن، مەيلى مەدەنىيەت، دىن جەھەتتىن، مەيلى رايون، ئىقتىسادىي جەھەتتىن، مەيلى پسىخىك ئالاھىدىلىك جەھەتتىن، مەيلى ئىجتىمائىي تارىخ جەھەتتىن بولسۇن، ئېيتىشلار تۈرلۈك ـ تۈرلۈك، ئىجراسى ھەر خىل بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ستالىننىڭ مىللەت ھەققىدىكى ئېنىقلىمىسى ئاساسىدا بولغان بولۇپ، ئەمما مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە «سوۋېت مىللىتى» ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللىنەلمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ستالىن مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ كەم دېگەندە ۋاقتىنچە مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى. بۇ يېقىنقى بىر ئەسىردىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكىتلىگەن تۈپ پرىنسىپ بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئېتىراپ قىلغان، ئەمما رېئال مەسىلىلەر ئالدىدىكى كونكرېت مەشغۇلاتلىرى تولىمۇ مۇشكۈل بولماقتا. بۇ قېيىنچىلىقلارنىڭ بىرىنچىسى، مىللەت ئېنىقلىمىسىدىن ئىبارەت بولۇۋاتىدۇ. زادى قانداق توپتا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار دەپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، بىر مىللەتنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئۆتمۈشتە ياۋروپانىڭ لايىھىسى ئىدى. ئەمما، روشەنكى ئۇ ئاللىقاچان بۈگۈنكى مۇرەككەپ دۇنياغا ماس كەلمىدى. مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولدى دېيىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى دۈملەپ قويدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلا مۇدۇرلىۋىدى، چوڭ ـ كىچىك ھەممە مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلغۇچىلار قاتارىغا قوشۇلدى. مىللىي توقۇنۇش مىللىي ماجىرانىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن ساقلانغىلى

بولمىدى. چېچىنىيە كرىزىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى.

قازاقىستان ئەسلىي كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئۇمۇ ئىچكى قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى بېرىش ـ بەرمەسلىك مەسىلىسىگە يولۇقتى. دۆلەت زېمىنىنى پارچىلاشقا بولماسلىق پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، مىللەتلەرگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قىلدۇرمىدى. فېدېراتسىيە بولمىدى. نەزەربايېف ب د ت يىغىنىدا: مەنمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هوقۇقى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش هوقۇقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. ناۋادا مۇشۇ پوزىتسىيىدە بولىۋەرسەك، ئۇنداقتا دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەئىپ نەچچە مىڭ گەۋدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەكىتلەيمەن.» «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تونىغا ئورۇنۇۋالغاندا ھەرقانداق مىللىي دۆلەتنىڭ دۆلەت پۈتۈنلۈكى چوقۇم گۇماندا قالىدۇ. دۆلەتنى پارچىلايدىغان بۆلگۈنچىلىك چەكلەنمەيدۇ.» دەيدۇ. ئەمما، قازاقىستاننى قازاقىستان قىلىپ قويغان نەزەرىيە دەل ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى. هازىر قازاقىستان دۆلەت گەۋدىسى دەل بىر مىللەتنىڭ دۆلەت ياكى ئاساسىي قانۇندا كۆرسىتىلگىنىدەك مۇستەقىل قازاق دۆلىتى. بۇ دېگەنلىك مىللەت ئۆزى قارار چىقىرىپ دۆلەت بولدى، ئەمما يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قارار چىقىرىشىغا قارشى تۇرىدۇ. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ياۋروپانىڭ بىر مىللەتلىك دۆلەت لايىھىسىنى يۈرگۈزدى دېگەنلىك. شۇنىڭدىن قارىغاندا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ھەر ئىككىسىدە مەسىلە بار. قوش دۆلەت تەۋەلىكى مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق. قازاقىستان هۆكۈمىتى قەتئىي هالدا رۇسلارنىڭ قوش دۆلەت تەۋەلىكىدە بولۇشقا قارشى تۇردى، ئەمما

دۆلەت سىرتىدىكى قازاقلارنى «چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمىز» دەپ بىلدى. بۇ كىشىلەرگە پائال قوش دۆلەت تەۋەلىكى بەردى. 1991 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ماقۇللانغان «مۇستەقىللىق قانۇنى» بۇنى قانۇن بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، بۇ مەسىلىگە ئىككى خىل ئۆلچەمدە بولدى.

بىر مىللەتلىك دۆلەتنىڭ دۆلەت گەۋدىسى بەلگىلەنگەن مىللىي پروگراممىسى مۇنداق: «مىللىي مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللىي ئاڭنى كۈيلەش، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي روھنى ئويغىتىش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مىللىي مەنپەئەت، ئاڭ، مەدەنىيەت، روھ، ئۆرپ ـ ئادەت تىلىنىڭ ھەممىسى قازاقلارنىڭ. ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان «قازاقىستان ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىيات تەسەۋۋۇر» دا بۇ ھەقتە ئېنىق شەرھى بېرىلىپ، «ھازىر قازاقىستاندىكى كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە تولۇق ئىگە بولۇشقا موھتاج. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بەكرەك ئېتىبار قازاق مەدەنىيىتىگە خاستۇر» دەيدۇ. يەنى «دۆلەتنىڭ تارىخىي نامىدىكى مەدەنىيەتكە خاستۇر» دەيدۇ. نەزەربايوف يەنە ئالاھىدە تەكىتلەپ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، كۆپ مىللەتلىك قازاقىستاندا بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بىردىنبىر يول قازاقلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى يادرولۇق ئورنىنى كاپالەندۈرۈش بىلەن بىرگە بارلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتۇر.» دەيدۇ. بۇ ھەممىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قازاقلارنىڭ «تۆرلىك ئورنىنى»، «يادرولۇق ئورنىنى» كاپالەتلەندۈرۈش، شۇنداقلا شەك ـ شۈبھىسىزكى ھەتتا باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن «مۆھتەرەم مىللەت» ئۇقۇمى بار دېگەنلىكتۇر. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى

شۆكى، «تۆرە»، «يادرو» ئورۇندىكى «مۆھتەرەم مىللەت» بار تۇرسا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ بۇ مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى لوگىكا جەھەتتىن بولسۇن، يۇمىلاقلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان يەر. ھەممىدىن يامىنى قازاقىستاندىكى مىللىيلاشتۇرۇش خاھىشى قازاق مىللىي كادىرلارنىڭ ئاۋۋال تاللىنىش ھوقۇقىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. تەنقىدچىلەر بۇ خىل «ئاۋۋال تاللىنىش ھوقۇقىنى»، «دۆلەتتىكى مۇستەقىل مىللىي بيۇروكراتلارنىڭ شەخسىيلەشتۇرۇلۇشى» دەپ سۈرەتلەپ، جەمئىيەتتىكى بۇنىڭغا قارشى كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈردۇ.

## چىقىش يولى ۋە ئىستىقبال

قوش دۆلەت تەۋەلىكى ۋە ئىككىنچى دۆلەت تىلى قازاقىستاندىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە پەقەت تۈنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەر، كېيىن يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر چىقىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى ئاساسەن يوق. ئەمما ناۋادا سىياسەت ۋە فاڭجېن جەھەتتىن ماس تەڭشەشلەر بولۇنسا، مەسىلىلەر پەيدا قىلغان زەربە كىچىكلىمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئېتىبارىمىزدىكى، مۇنازىرە ئىككى تەرەپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھە ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە بەلگىلەنگەن مىللەت پروگراممىسىنى قايتا ئويلىنىپ بېقىش تەلەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى يېڭى، شۇنداقلا قۇرغۇچى خاراكتېرگە ئىگە.

بۇنىڭ بىرىنچىسى، «مىللىي دۆلەت»نى «پۇقرالار دۆلىتىگە ئۆزگەرتىش. بۇنىڭ تەشەببۇسچىلىرى قوش دۆلەت

تەۋەلىكى بىرلى تۇيۇق يول ئۈنىڭغا يول قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنداقلا ھازىرقى مىللىي دۆلەت لايىھىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، دەيدۇ. «ھەتتا رۇسلار كۆپ سانلىق بولغان رۇسىيە فېدېراتسىيىسىمۇ فېدېراتسىيىنى رۇسلارنىڭ دۆلىتى دەپ جاكارلاشقا تەۋەككۇل قىلمىدى، بۈگۈنكى كۈندە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى پۇقرالار دۆلىتى، رۇسلار رۇسلارنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتى يوقلۇقىغا سوغۇققانلىق بىلەن يۈزلىنىۋاتىدۇ» ئاقىلانىلىك شۇكى، «بىر مىللەتلىك دۆلەت» تۈزۈلمىسىدىن ۋاز كېچىپ پۇقرالار دۆلىتى قۇرۇشتۇر، خەلققە، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى قايتۇرۇپ بېرىشتۇر». 1995 ـ يىلى قازاقىستان ئاساسىي قانۇنىدىن 1992 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندىكى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىگەن قازاق دۆلەت تۈزۈلمىسى شەكلى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى چىقىرىپ تاشلاندى. بۇ كۆپ مىللەتكە يۈزلەنگەن قازاقىستاندىكى ئەمەلىي تەرەققىيات بولۇپ، كۆپ مىللەتلىك قازاقىستاننىڭ بىرلىككە كېلىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقىدا پائال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچىسى، «بىر مىللەتلىك دۆلەت» ئورنىنى «ياۋروپا، ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەت» ئورنىغا ئۆزگەرتىش. تەشەببۇسچىلار قازاقىستاندىكى ھازىرقى ئاساسىي مىللەت، ئىككى تىل رېئاللىقى ئاساسىدا « ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىتتىپاقى» دىكى چوڭ دۆلەتنى چىقىش قىلىپ، بۇ لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ لايىھىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى ئۇنىڭدا قازاقىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىككى مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيىسى بىلەن قازاقىستان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆزدە تۇتۇلغان، ئەمما بۇ ئوي پىلاندىكى «ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىتتىپاقى» نى چۆرىدىگەن بولۇپ، ئەمما ئىتتىپاقنىڭ رويابقا چىقىشى تەس، ئىستىقبالى

يوق. بۇنىڭدىن باشقا بۇنداق بولغاندا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى قانداق قوغدىلىدۇ بۇ بىر مەسىلە.
ئۈچىنچىسى، يەرلىك ۋە باشقا يەرلىك دەپ ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەشەببۇسى ئۇلار بۇ بىر خىل قىزىل كۆزلۈك، «ھەممە ئادەم باراۋەر» دەيدۇ، چۈنكى بىر دۆلەتتىكى پۇقرالار شەخس ئەمەس، كوللېكتىپ سانىلىپ مەۋجۇت تۇرىدۇ. لېكىن بۇنداق ئايرىشنىڭ تېگىگە «ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ بومبىسى كۆمۈلگەن»، «چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دۆلەت ئاسمىنى ۋە ئىجتىمايەتنىڭ تېگىگە كۆمۈلگەن بومبىنى تېز ئېلىپ تاشلىشى لازىم». بۇنىڭدىن قورغۇچى مەنە شۇ يەردىكى، ئۇ پۇقرالارنىڭ قايسى مىللەت، قايسى ئىرقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەرلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتلىك دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ خىل ئايرىۋاشلاشتىن قول ئۈزۈلسە ئۇنداقتا «يات پۇقرا»، «كاماندىروپتىكىلەر»، «مېھمان» دېگەندەك ئېيتىشلارغا ئورۇن قالمايدۇ. شۇنداقلا قوش دۆلەت تەۋەلىكى دېگەندەك تەلەپلەرمۇ تەبىئىيلا يوقىلىشى چوقۇم. ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلە سوۋېت پارچىلىنىشتىن بۇرۇنلا يولغا قويۇلغاندى. 1989 - يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن يۇملاق ئۈستەل ئىلمىي يىغىنىدا بىرى بۇ خىل ئىستىل پەقەت ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزئارا قارمۇقارشى قىلىدۇ. جىمجىتلا بەزى مىللەتلەرگە ئەۋزەللىك بېرىدۇ، بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.» دېگەندى. يەرلىك ۋە باشقا يەرلىك دەپ ئايرىش ھەقىقەتەنمۇ قازاق ئەمەسلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ. بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ ئوغىسى قايناپ: «ھەر كۈنى دېگۈدەك سىلەرگە يەنە نېمە كېرەك؟ ئۇيغۇرلار؟ ئەجىبا سىلەرنى بىز قازاقىستاننىڭ كۆزى - يەتتىسۇغا ئورۇنلاشتۇرمىدۇقمۇ؟ قارىنىڭغا ئاش،

ئۇچاڭغا كىيىم، ئولتۇردىغانغا ئۆي بەرمەمدۇقمۇ؟ دەيدىغان گەپلەر قۇلىقىمىزغا كىرىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئالىم نەزەربايوفنىڭ «كىم بۇ تۇپراقنىڭ ئىگىسى بولسا شۇ تېرىپ پەرۋىش قىلىدۇ» دەيدىغان مەشھۇر سۆزىنىمۇ قىرىغا ئالمايدۇ. ئۇ يەنە «ئۇيغۇرلار يەتتىسۇدىكى يەرلىك خەلق» نامىدا مەخسۇس ئەسەر يازىدۇ. بۇ نەزەرىيىلەردە تارىخىي ئاساس بارمۇ - يوق؟ بۇ باشقا بىر گەپ. ئەمما يەرلىك ۋە باشقا يەرلىك جېدىلى پەقەت ۋە پەقەت ئاشقۇنلىنىۋاتقان (رادىكاللىشىۋاتقان) مىللىي توقۇنۇشنى ئۇلغايتىدۇ. ھەرگىز ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. مەسىلىنىڭ نېگىزى بۇ خىل ئايرىۋاشلاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئاشقۇن (رادىكال) قازاقچىلار قوشۇلامدۇ - قوشۇلمامدۇ؟ مەسىلىسى. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ئىككىنچى دۆلەت تىللىق مەرتىۋە رۇس تىلىغا بېرىلىش بىلەن بىرگە بىر قاتار تەدبىرلەردىن كېيىن قازاق تىلىنى ئۇلۇغلىغىلى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ تەشەببۇسچىلىرى رۇس تىلىنىڭ دۆلەت تىللىق سالاھىيىتى قازاق تىلىنى قۇربان قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۆلەت قازاق تىلىنى ئۆگىنىشنى خالىغۇچىلارغا تەتقىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. نېگىزىدىن ئېيتقاندا، قازاق تىلىنىڭ ھايات - ماماتى قازاقىستاننىڭ گۈللىنىش - گۈللەنمەسلىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ جېنى بار. «چۈشىنىش ئېھتىياجى نوقتىسىدىن قارىغاندا، ئىككى دۆلەت تىلىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى بىر دۆلەت تىلىغا قارىغاندا ئاۋارىچىلىكى كۆپرەك. ئەمما ئىككى غول تىلنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشىدەك رېئاللىققا يۈزلىنىش بىرقەدەر ئاقىلانە تاللاشتۇر. خەلقئارادىمۇ مۇشۇنداق تىپلار بار. مەسىلەن، فىنلاندىيە، فىلان تىلى، شۋېتسىيە تىلىدىن ئىبارەت ئىككى تىلنى دۆلەت تىلى دەپ

بەلگىلىگەن. شۋېتسىيىدە فرانسۇز، ئىتالىيان، گېرمان تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت تىلى بار. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت تىلى يوق ئىدى. لېنىن چوڭ رۇسچىلىق شوۋىنىزمىغا قارشى تۇرۇش نوقتىسىدىن دۆلەت تىلىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ مەيلى قانداقلا چىرايلىق گەپلەر بىلەن بىزىمەيلى دۆلەت تىلى مەجبۇرىيىتى ھامىنى «زورلۇق» خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارايتتى. ئەمما ئىككىنچى دۆلەت تىلىنى ئېنىق ئېتىراپ قىلىش، ھەتتا دۆلەت تىلى ئۇقۇمىنى يوقىتىش قازاقىستاندا تەس ئىدى.

يۇقىرىدىكى لايىھىلەر ئىچىدە ئەڭ ماھىيەتلىكى «بىر مىللەتلىك دۆلەت» تۈزۈلمىسىدىن ۋاز كېچىش مەسىلىسى ئامېرىكا فىللان شىركىتى كاپىتال تەكشۈرۈشىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلىرىمۇ بۇ مەسىلىنىڭ ھالقىلىقلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. «قازاقىستاندا بىر تۈپ زىددىيەت بار، زادى قازاقلارنىڭ ماكانىنى قوغداش ئۈچۈن، مائارىپ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە قازاقلارغا ئەۋزەللىك ھوقۇقى بېرىدىغان دۆلەت قۇرۇشمۇ ياكى كۆپ مىللەتلىك دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇشمۇ. ئەمما مۇنداق بولغاندا دۆلەت قازاق مىللەتچىلىرى ۋە ئەھلىي ئىلىملەر ئۈمىد قىلغاندەك قازاق مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسىدىكى رەھبەرلىرى چوقۇمكى، ئومۇمىيۈزلۈك مىللەتچىلەردىن بولىدۇ. مىللەتچىلىكى ئالدىنقى دەۋرلەردىكى رەھبەرلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. بۇ زور كۆپچىلىك مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ رۇسىيىنىڭ قاراشلىرىغا تېخىمۇ كۈچلۈك رەددىيە بولىدىغانلىقىدىن، تېخىمۇ زور كۈچىنىڭ دۆلەتنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك خاراكتېرلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن سەرپ

قىلىندىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بولۇپمۇ رۇسلارنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇنىڭدىن بېشارەتكى، كەلگۈسىدە مىللىي زىددىيەت كۆپىيىدۇكى، ھەرگىز ئازايمايدۇ» دەيدۇ. بۇ قاراشنىڭ قىممىتى شۇكى، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئەندىزىسىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن، ئەمما قازاقىستاننىڭ ئەتىسى ھەققىدىكى مۆلچەرى بەك كەسكىن بولۇپ كەتكەن. مىللەتلەر ئارا يول قويۇش، يارىششىنىڭ قازاقىستاندا ئېھتىماللىقى زور. ئىررېدېنتىزم ھەرىكىتىدە، —— دەپ يازىدۇ دوكتور ماسلوف ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا، —— رۇسلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، سەۋرچانلىقى ۋە كۆپ سانلىق قازاقلارنىڭ جانلىق ۋە سەممىيلىكىنى ئويلاشقاندا ئۈمىدۋارلىق بىلەن پەم قىلىمىزكى، قازاقىستاندا يېقىن دەۋرلەردە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مۇقىم بولىدۇ.» ئىشىنىمىزكى، قازاقىستان خەلقىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقى مۇشۇنداق ئەتىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

# يۇگوسلاۋىيە: ئايىغى چىقمىغان يەنە بىر تەجرىبە مەيدانى

يۇگوسلاۋىيىدە مىللەت ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بەك مۇرەككەپ. بۇ يەردە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاندىن تۇنجى بىرلىككە كەلگەن دۆلەت — سېرىپ، كرودىيە، سىلاۋىيانلار پادىشاھلىقى يەنى جەنۇبىي سىلاۋىيە پادىشاھلىقى پەيدا بولدى. ئەمما ئۇ ھېچكىمنى رازى قىلالمىغاندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تىتو رەھبەرلىكىدىكى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلىرىنىڭ فاشىستلارغا قارشى پىداكارانە كۈرىشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. يەنى سابىق يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى مىللەت ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بەك مۇرەككەپ دېيىلگەن بۇ رايون سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق تەجرىبە مەيدانى بولدى. يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ ئۇ مىللىي ئۆچمەنلىك، مىللىي ساپلاشتۇرۇش، ئۆچمەنلەر ئېقىمىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق ئىچكى ئۇرۇشلىرىدا پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنىڭ يەنە بىر مەيدان مەغلۇپ بولغان تەجرىبىسى ئىدى. سابىق يۇگوسلاۋىيىدە مىللەتلەر، مىللىي تەرەققىيات ۋە يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقىدىن سابىق يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىغىچە بولغان تارىخ توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتىكى مىللەت مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى مىللىي تەرەققىيات —— بىر دۆۋە مۇرەككەپ مىللىي چىگىشلار

سابىق يۇگوسلاۋىيە ياۋروپانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بالقاننىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئادرىئاتىك دېڭىزىغا يېقىن. زېمىنىنى دەريا، جىلغىلار توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ يەر تاغلىق بولۇپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ يەردىكى ئەڭ قەدىمىي ئاھالە ئىللىرىيىلەر، سالىسلار، كىرىتلار، قەدىمىي رىم ئىمپېرىيىسى بۇ يەرگە چېگرا ۋىلايىتى قۇرغان. 6 ـ ئەسىردىن تارتىپ ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچ ـ كۆچىدە سلوۋىنىيە، كىرودىيە ۋە سېربلاردىن ئىبارەت سىلاۋيان قەبىلىلىرى ياۋروپانىڭ مۇنبەت يەرلىرىدىن جەنۇبقا سۈرۈلۈپ بۇ رايونغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىكلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ سىلاۋيانلارنىڭ جەنۇبىي تارمىقىنى يەنى جەنۇبىي سىلاۋيانلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىر بۆلۈك ئالبانلار، ۋېنگىرلار، رۇملار، تۈركلەر، سلوۋاكلار، رومانلار، بۇلغارلار، ۋالاخلار، لوسلار، چېخلار، گېرمانلار، ئۇكرائىنلار، يەھۇدىلار قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ جەنۇب سىلاۋيانلىرى بىلەن بىللە ياشاپ بۇ رايوندىكى مىللىي تەركىبنى بەك مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن.

سابىق يۇگوسلاۋىيە قەبىلىلىرى باشتىن ـ ئاخىر تارقاق بۆلۈنمە ھالىتىدە ياشىغان. سلوۋىنىيىلىكلەر سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەڭ شىمالىدا ياشىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار ئەڭ دەسلەپ رۇم ـ گېرمانىيە ئىتالىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە بولغان. شۇڭا ئۇلار يەرلىك ئارىيانلار بىلەن بىللە ياشاپ 13 ـ ئەسىردىن كېيىن، خابسبۇرگ ئائىلىسىنىڭ

ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، شۋېتسارىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىگە 600 يىل ئەسىر بولغان. كرودىيىلىكلەر 10 ـ ئەسىردە دۆلەت قۇرغان، 11 ـ ئەسىردە ھونگىرىيىگە قوشۇلۇپ يات مىللەتنىڭ قولىدا 800 يىلدىن كۆپرەك تۇرغان. سېربلار 12 ـ ئەسىردە دۆلەت قۇرغان. 14 ـ ئەسىردە ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويۇپ، كېيىن پارچىلىنىپ زەئىپلەشكەن. 15 ـ ئەسىردە تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ 400 يىلدەك تۈركىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئومۇمەن بۇ سلاۋيان قەبىلىلىرى ئەزەلدىن بىرلىككە كەلمىگەن بولۇپ، تارىختىن بېرى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان چوڭ ـ كىچىك دۆلەتلەر ئاساسي جەھەتتىن قەبىلە دۆلىتى بولۇپ، دۆلەت كۈچى، ئۆمرى ئانچە زور ئەمەس ئىدى. كۆپ ھاللاردا بىر ئەۋلاد باتۇرخان ئالەمدىن ئۆتسە، دۆلەت تېزلا يىمىرىلگەن بولاتتى.

سابىق يۇگوسلاۋىيە غەربىي ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ تۇتاشقان يېرى، يەنى ئاسىيادىن ياۋروپاغا ئۆتۈشتىكى ئۆتەڭ بولۇپ، تارىختىن تارتىپ كۈچلۈك قوشنىلارنىڭ تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسى سېربلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، داۋاملىق شىمالغا ئىلگىرىلەپ ۋېناغا تەھدىت سالدى. 1683 ـ يىلى شۋېتسىيە ـ ھونگىرىيە ئىمپېرىيىسى تۈركلەرنى يېڭىپ، جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ماكېدونىيىگىچە باردى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي يەنى دوناي، ساۋا، ئۇنا دەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىندى. شۇ چاغدا بىر بۆلۈك سېربلار تۈركلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۋېتسىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيە قوشۇنى بىلەن بىرگە شىمالغا كۆچۈپ ۋېنگىرىيە چېگرىسىدىن ئۆتتى. شۋېتسىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسى تۈركىيىنى توسۇش ئۈچۈن ساۋا، ئۇنا دەريالىرى لىنىيىلىرىدە ھەربىي تەسىس قىلىپ ـ سېرب كۆچمەنلىرىنى

توپلاپ ئۇلارنى ھەم ئەسكەرلىك، ھەم دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئارمىيە قىلدى. ئۇلار ھازىرقى كرودىيە جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى سېربلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى. تۈركىيە بالقان يېرىم ئارىلىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىسلامنى قوبۇل قىلسىلا يۇقىرى قاتلامغا ئىجازەت بېرىش ۋە باج كەچۈرۈم قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان جايلاردىكى سىلاۋيانلارنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ چاغلاردا بىر قىسىم سىلاۋيانلار بىدئەت بوگومىلى دىنى تۇپەيلىدىن بۇرۇندىنلا بېسىمغا ئۇچرار ئىدى. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى ئىسلامغا كەلدى. تۈركىيە ئۇلارنى تۈركىي سىلاۋيانلار ھېسابلىدى. بۇ كىشىلەردىن قوشۇن تەشكىللەپ ھونگىرىيىگە ھۇجۇم قىلدى. مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندىكى ساۋا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بوسنىيە جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيدا بولۇشى. تۈركىيە بىلەن ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا بولغان ئالدىم - بەردىم ئۇرۇشىدا ساۋا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي شىمالىدىكى سىلاۋيانلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولدى. قېرىنداشلار ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشتى. خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك: ئاۋستىرىيە چېگرىسىدىكى ئاھالىلەر بىلەن ساۋا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تۈركىي سىلاۋيانلار «گەرچە ئۇلار بىر مىللەتكە مەنسۇپ بولسىمۇ، مۇشۇ بىرنەچچە ئەسىر مابەينىدە قارشى تەرەپنى كاززاپ ۋە باندىت كۆرىدىغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك ھەتتا سىلاۋيانلار بىلەن ھازار (ھونگىرىيىلىكلەر) ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكتىن كۆپ ئېشىپ كەتتى».

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئەسلىدىكى يۇگوسلاۋىيە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا ئۆلكىسى ئىدى. تارىختا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بۆلۈنۈشى خرىستىئان دىنىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە خرىستىئان مەدەنىيىتىنىڭ بۆلۈنۈشىنى پەيدا قىلدى. شۇنداقلا

شەرقىي غەربىي رىمنىڭ چېگرىسى ئاساسىي جەھەتتىن بۈگۈنكى سابىق يۇگوسلاۋىيە زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتەتتى. شۇڭا جەنۇب تەرەپتىكى سىلاۋىيانلار بالقان يېرىم ئارىلىغا ماكانلاشقاندىن كېيىن، شەرقتىكى بىر مۇنچە سىلاۋىيانلار ۋىزانتىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچراپ پراۋوسلاۋىيە دىنىغا ئەقىدە قىلدى. جىلىر ھەرپىنى ئىشلەتتى. لېكىن غەربىي رايونلاردىكى بىر قىسىم كرودىيىلىكلەر، سلوۋىنىيىلىكلەر لاتىن مەدەنىيىتى تەسىرىگە ئۇچراپ كاتولىك دىنىغا ئەقىدە قىلدى، لاتىن ھەرپىنى ئىشلەتتى. تۈركىيىلىكلەر بۇ يەرگە ئىسلام ئېلىپ كەلدى. بىر قىسىم كرودىيىلىكلەر، سىلاۋىيانلار ئىسلام دىنىغا كىردى. شۇنداق قىلىپ بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان، تىلى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان جەنۇب سىلاۋىيانلىرى مەدەنىيەت جەھەتتە يەنە ئۈچ پارچىگە ئاجرىلىپ، باشقا تۈرلۈك قوۋملەر بىلەن ئارىلاشتى. ئېنگېلس يۈز يىل بۇرۇنلا بۇنى مۇنداق كاتتا بايان قىلىپ بەرگەندى:

مىڭ يىللاردىن بىرى ئاسىيالىقلارنىڭ تاجاۋۇزى بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى بولۇپ تۇردى. بىر دۆۋە مىللەتلەر ئۇزۇندىلىرىنى قىرغاقا تاشلاپ قويدى. ھازىرقى زامان ئېتىكا ئالىملىرى پەقەت زورمۇزور ئۇلارنى پەرقلەندۇرگۇچە بۇ يەرلەردە تولىمۇ مۇرەككەپ ھالدا تۈركلەر، مافىنلان تىللىق ھازارلار، رومىنىيىلىكلەر، يەھۇدىيلار ۋە كەبى سىلاۋىيانلار ئولتۇراقلاشقاندى.

بىر دۆۋە مىللەت ئۇزۇندىلىرى ـ مانا بۇ مىڭ نەچچە يىللىق تارىخ ـ يۇگوسلاۋىيىگە قالدۇرغان مىراس 20 ـ ئەسىردىكى سىياسىي ھايات، مىللىي تەرەققىيات بۇ مىراسقا يۈزلەنمەي قالمىدى.

# يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى: ھېچكىمنى رازى قىلالمىغان دۆلەت

قانچە ئەسىرلىك جەبىر - زۇلۇمنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن يۇگوسلاۋىيىلىكلەر تىنچلىقنى تەشنا بولدى، ئاسايىشلىق ئورنىتىش ئۈچۈن چوقۇم بىرلىككە كېلىش لازىملىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئادرىئاتىك دېڭىز بويلىرىنى بىر مەزگىل فرانسىيە ئىگىلەپ ياتتى. ناپالېئون بۇ ئۆلكىگە قەدىمىي تارىخىي نامىدا ئىللىرىيە دەپ نام بەردى. مەزكۇر رايوندىكى مەدەنىيەت، دىن ۋە تىل تەرەققىياتىغا كەڭ قول سىياسەت يۈرگۈزۈپ يەرلىكلەرنى قىسقا مەزگىللىك خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى. يەرلىكلەردە بولۇپمۇ دالماتىيىدىكى كرودىيىلىكلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. مەزكۇر ئىللىرىيە ئۆلكىسى جەنۇب سلاۋىيانلىرىنى بىر ئۆلكىگە پاتقۇزۇپ تۇرمۇش كەچۈرتكەن بولۇپ، ھېچقاچان مۇنداق بولۇپ باقمىغاندى. شۇڭا ئەھلىي ئىلىملەرنىڭ بولۇپمۇ كرودىيە ئەھلىي ئىلىملىرىنىڭ ئىللىرىيە ئىدىيىسى بىرلىككە كېلىش ئىدىيىسىگە ئايلاندى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ بىرلىككە كېلىش ئىدىيىسىگە ئازدۇر - كۆپتۇر فان كرودىيىزىم تامغىسى بېسىلغاندى. ئەمما ئالدىدا ئىش باشلىغانلار تۈركىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى سلاۋىيانلار بولدى. 1804 - يىلى ۋە 1831 - يىلى سلاۋىيانلار ئىككى قېتىم تۈركىيىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1833 - يىلى بەلگىلىك ئاپتونومىيە (ئىگەمەنلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 1878 - يىلى سلاۋىيانلار تۈركىيە - رۇسىيە ئۇرۇشىدا رۇسىيىنى قوللىغانلىقى بىلەن ئاخىرى مۇستەقىللىقنى قولغا ئېلىپ، جەنۇب سلاۋىيانلىرىنىڭ تۇنجى مۇستەقىل دۆلىتى سېربىيە پادىشاھلىقىنى قۇردى. سېربىيىنىڭ

مۇستەقىللىقى جەنۇبي سىلاۋيانلار بىرلىكىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ بۇ بىرلىككە يەنە ئازدۇر ـ كۆپتۇر فان سىلاۋيانچىلىقىـ نىڭ تامغىسى بېسىلغاندى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاۋستىرىيىدىكى سىلاۋيان زىيالىيلىرى رۇسىيىنىڭ ئوت يېقىشى بىلەن فان سىلاۋيانچىلىق ھەرىكىتىنى باشلاپ «ئادىللىق»، «ئىنسانپەرۋەرلىك»، «ئەركىنلىك»، «كۆيۈم»، «مۇستەقىللىق» لارنى ئۆزلىرىنىڭ شوئارى قىلدى. بىراق ئەينى چاغدا بىر ياش يىگىت يەنى كوممۇنىزمنىڭ ئىجادچىلىرىدىن بىرى بولغان ئېنگېلس بۇنى نورماللىق دېمىگەندى. ئۇ ئۆز تارىخىي بولمىغان مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايتتى، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق يازغاندى:

«ئاتالمىش جەنۇب سىلاۋيانلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق. ئىللىرىيىدىكى سلوۋىنىيىلىكلەر، دالماتىيىلىكلەر، كرودىيىلىكلەر ۋە جوكلار (سلوۋىنىيە ۋە ۋېنگىرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى سېربلارنىڭ لەقىمى) نىڭ تارىخىي نەدىكەن؟ 11 ـ ئەسىر باشلانغاندا ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شولىسىمۇ يوقىغان. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم گېرمانلار، ۋېنىسلىقلار ۋە ھازارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. ئەمدى قوپۇپ بەزىلەر بۇ پارچە ـ پۇرات چىقىقلارنى مۇستەھكەم، مۇستەقىل شۇنداقلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر مىللەت قىلماقچىمىكىنە!

ئېنگېلسنىڭ بۇ گەپلىرىنى قانداق چۈشىنىمىز، ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىمىز، بۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. ئەمما ئومۇمەن ئېنگېلسنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى چوقۇم پان سىلاۋيانىزمنى قاتتىق سۆكۈش دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى پان سىلاۋيانىزم دەيدىغان بىرلىك پۈتۈنلەي خام خىيال ئەمەس، دەل رۇسىيىنىڭ ئاياغ ئىزى».

ئەمما يۇگوسلاۋىيىلىكلەرنىڭ بىرلىككە كېلىش ئويى ئاخىر 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. 1917 ـ يىلى سېربىيە پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى شامپاشچى ۋە يۇگوسلاۋىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى لۇمبىچ «كوفو ئارىلى خىتابنامىسى» گە قول قويۇپ ئۇرۇشتىن كېيىن سېربىيىلىكلەر، كرودىيىلىكلەر ۋە سىلوۋېنىيىلىكلەر بىرلىشىپ پارلامېنتلىق دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئۈچ مىللەتنىڭ نامى ۋە تۇغ باراۋەر ئىككى خىل يېزىق باراۋەر، ئۈچ دىن باراۋەر بولدى. بىر خىل تۈزۈملۈك دۆلەت تۈزۈلمىسى قوللاندى. 1918 ـ يىلى پارىژ باش قوشۇنى شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئېتىراپ قىلدى. 1918 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېلگىرادتا سېربىيە، كرودىيە ۋە سىلوۋېنىيە پادىشاھلىقى يەنى يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى رەسمىي قۇرۇلدى. يېڭى دۆلەت 11 مىليون 900 مىڭ نوپۇس، 248 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئۆز قوينىغا ئالدى.

يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە پادىشاھلىقى يىمىرىلگەن پۇرسەتتە سېربىيە پادىشاھلىقىنى مەركەز قىلىپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ئايرىلىپ تۇرغان يۇگوسلاۋىيىلىكلەرنى بىرلەشتۈردى. ئەمما باشقا مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ بىر دۆلەت، بىر پادىشاھ، بىر مىللەت شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەقەت ئۈچ خىل نامىلا بار بىر مىللەت مەۋجۇت بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى. ئەمما قويۇق چوڭ سىلاۋىيانىزم پۇرىقى سەۋەبلىك بۇ سۇركىلىش كۆپ، مۇقىمسىز دۆلەتتە، دۆلەت قۇرۇلۇشى بىلەنلا چوڭ سىلاۋىيانىزم بىلەن كرودىيە بۆلگۈنچىلىرى، سىلوۋېنىيە ئاپتونومىيىچىلىرى ئارىسىدىكى شىددەتلىك تىركىشىشى ئوتتۇرىغا چىقتى. يۇگوسلاۋىيە

پادىشاھلىقىدىن ھېچكىم رازى بولمىدى. ئاۋسترىيە ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىگە بولغان نەچچە يۈز يىللىق بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مىللىي تەرەققىياتىنىڭ توپ شەرتىگە ئېرىشكەن كرودىيىلىكلەر ۋە سلوۋېنىيىلىكلەر رازى بولمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۆلەتتە سىياسىي ئىمتىيازغا ئىگە كۆپ ساندىكى سېربلارمۇ رازى ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ ئىمتىياز پەقەت ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ، ئاۋام ـ پۇقراغا ماس ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات بەرمىدى، يۇگوسلاۋىيە بىلگىنلىرى شۇنداق دەيدۇ:

مۇشۇنداق مىللىي ـ دىنىي تىركىشىش بار دۆلەتتە ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە بىرلىككە كېلىش يوق ئىدى، ئىچكى مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە ئىچكى پارچىلىنىشنى توسۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت 1921 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇرۇشتىن بۇرۇن مىراس قالدۇرغان دېموكراتىيىنى تارايتىشقا كىرىشتى ھەم 1929 ـ يىلىدىكى پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ يەككىزم تەسەۋۋۇرى ئاساسىدىكى مۇستەبىتلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇستەبىتلىك كرودىيە بۆلگۈنچىلىرىگە قارشى تۇردى. بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان سىياستى ئىدى.

شۇڭا مىللىي سۈركىلىش، مىللىي ماجىرا، مىللىي قارشىلىشىش يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقىنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا باشتىن ـ ئاخىر قوشۇلۇپ كەلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، كوممۇنىزمغا قارشى پادىشاھ ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ئوتتۇرا يول تۇتتى. كېيىن ئوق دۆلەتلىرى ئەھدىسىگە قاتنىشىپ خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بىر تۈركۈم ھەربىيلەر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ پادىشاھلىق ھۆكۈمەتنى ئاغدۇردى. 1941 ـ يىلى ئوق دۆلەتلەر گېرمانىيە، ئىتالىيىنىڭ

81 دىۋىزىيىسى يۇگوسلاۋىيىگە تاجاۋۇز قىلدى. 22 يىل مەۋجۇت بولغان يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى ئۇزۇل - كېسىل يوقىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سلوۋېنىيە ئايرىم - ئايرىم گېرمانىيە، ئىتالىيىلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدە بولدى. ۋېنگرىيە ماچكا ۋە بارانىيىنى ئىگىلىدى، بۇلغارىيە ماكېدونىيە ۋە كوسوۋونىڭ بىر قىسمى، سېربىيىنىڭ شەرقىي رايونلىرىنى ئىگىلىدى. قارا تاغنى ئىتالىيە ئىگىلىدى، سېربىيە زېمىنى 1912 - يىلىدىكى چېگرىسىغا يېتىپ گېرمانىيىنىڭ ئالىي ئوفىتسېرلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقىنىڭ يوقىتىلىشى كرودىيىدىكى ئاشقۇن مىللەتچى تەشكىلات «ۋۇستاش» نىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىگە ياخشى پۇرسەت ياراتتى. ئۇ چېگرىدىكى سېرپلار ئۇستىدىن قىرغىن ئېلىپ بېرىپ رەھىمسىز مىللىي قۇرۇتۇش قىلدى. كونا سېربىيە پادىشاھلىقىنىڭ بىر قىسىم ھەربىلىرى بولسا «رىنتىنىك» پارتىزانلىرى بولۇپ ئويۇشۇپ گېرمانىيە ئىتالىيە فاشىستلىرىدىن ئەمەس بەلكى مەخسۇس كرودىيىلىكلەر ۋە مۇسۇلمان سىلاۋىيانلاردىن قانلىق ئۆچ ئالدى. شۇنداق قىلىپ يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى يوقىلىپلا قالماستىن، بەلكى يۇگوسلاۋىيە خەلقىمۇ تۇخۇمىنى قۇرۇتىدىغان قېرىنداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا قىرغىنغا يولۇقتى.

## يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى: مىللىي جۇمھۇرىيەت شەكلىنىڭ يەنە بىر مەيدان تەجرىبىسى

فاشىستلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يۇگوسلاۋىيىدە ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىۋاتقان شۇ چاغدا پەقەت يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ

ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا چوقۇم «قېرىنداشلار مۇناسىۋىتى ۋە مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1943 ـ يىلى دۇنياۋى فاشىستلارغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىست پارتىزانلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاخىر زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ئۇ يۇگوسلاۋىيىدە ھەر مىللەت خەلقى ھىمايە قىلغان مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نوپۇزغا ئىگە بىردىنبىر سىياسىي ۋە ھەربىي تەشكىلاتقا ئايلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پارتىزانلار مەملىكەت خاراكتېرلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش ئىشىغا تۇتۇندى. 1943 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە خەلقى ئازادلىق كومىتېتى يايتسېدە ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن فاشىستلارغا قارشى كۈرەشنى داۋاملىق كۈچەيتىش بىلەن بىللە يەنە يېپيېڭى يۇگوسلاۋىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئۇل سېلىشنى قارار قىلدى. يىغىن يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىلىك دۆلەت بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. يۇگوسلاۋىيىلىكلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كېلىشنى ئېتىراپ قىلدى. يېڭى يۇگوسلاۋىيە بەش مىللەتتىن تەشكىل تاپتى. ئۇلار سېربلار، كرودىيىلىكلەر، سلوۋېنىيىلىكلەر، ماكېدونىيىلىكلەر ۋە مىندىلىگىلولار ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى بىر جۇمھۇرىيەت تەشكىل قىلاتتى. ئەمما، بوسنىيە ۋە خېرتسېگوۋىنادا سېربلار، كرودىيىلىكلەر ۋە سېرب ـ كرودىيە تىلىغا يېقىن تىللىق مۇسۇلمانلار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا بىر مىللىي تەركىب ئەمەس، پەقەت بىر تارىخىي تەركىب بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ بىر جۇمھۇرىيەت تەشكىل قىلاتتى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ 10 ـ كۈنلىرى بىلگىراتتا يۇگوسلاۋىيە فاشىستلارغا قارشى خەلق ئازادلىق كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن خەلق ئازادلىق كومىتېتىنى دېموكراتىك، فېدېراتسىيىلىك يۇگوسلاۋىيىنىڭ ۋاقىتلىق پۇقرالار پارلامېنتىغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قانۇن تۈرغۈزۈش پارلامېنتىنىڭ سايلىمى بولدى. سايلام كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشىلىقىنى، فېدېراتسىيىلىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى قۇۋۋەتلەيدىغىنىنى كۆرسەتتى. پارلامېنت 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاچقان بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىلىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇپ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قانۇن تۈرغۈزۈش مەجلىسى فېدېراتسىيىلىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تەستىقلىدى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قانۇن تۈرغۈزۈش مەجلىسى پۇقرالار پارلامېنتى قىلىپ تەشكىللەندى. شۇنداق قىلىپ كۆپ مىللەتلىك فېدېراتسىيىلىك يۇگوسلاۋىيىدىكى بەش دۆلەتكە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان سابىق يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى رەسمىي دۇنياغا كەلدى. ئۇ سوۋېتنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئەندىزىسى ئاساسىدا بولغان بولۇپ، بۇ ئەندىزىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق تەجرىبىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## تىتو: «فاندولا قۇتىسىنى قامالىغان تۆمۈر قاچا»

تىتو مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك سەنئىتى بىلەن ھەر مىللەت

يۇگوسلاۋىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ فاشىزمغا قارشى ئۇلۇغ كۆرەشلەرنى قىلدى، شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلىرى ۋە يۇگوسلاۋىيە خەلقى ئارىسىدا يۇكسەك نوپۇزغا ئېرىشتى. شۇڭا يۇگوسلاۋىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى نەتىجە ۋە سەۋەنلىكلەر ئىتو ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بېكىتكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا يۇگوسلاۋىيىدىكى ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى مىللىي مەسىلە ۋە پارچىلىنىشنى تەھلىل قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئىتونى ئۆزگىرىشتىن كېيىن بېكىتكەن يېڭى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئۇ مىللىي جەمئىيەتلەردە پەيدا قىلغان تەسىرلەردىن باشلاش لازىم.

ئۆزگىرىشتىن كېيىنكى يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەرەققىياتى ئىلگىرى - كېيىن تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. شۇنداقلا مىللىي مەسىلە سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى.

### بىرىنچى باسقۇچ (1945 —— 1949)

بۇ ئومۇميۈزلۈك ھالدا سوۋېت ئەندىزىسىگە كېلىشۋاتقان مەزگىل بولۇپ، يەنە بۇ يۇگوسلاۋىيە سىياسىي، ئىقتىسادىي باشلىنىشنىڭ ئۈلگىسى قوپۇرۇلغان دەۋر. ئۇنىڭ تۈزۈلمە ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلەرگە بولغان تەسىرى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ.

▲ دۆلەت قۇرۇلمىسىدىكى فېدېراتسىيە تۈزۈمى

بىر دۆلەتلىك قۇرۇلما قالدۇرۇلدى، ھەممە مىللەت باراۋەرلىكىدىكى فېدېراتسىيە تۈزۈمى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى قىلىنىپ، ئالتە باراۋەر، ئاپتونومىيىلىك (ئۆزبەگ) جۇمھۇرىيەت ۋە ئىككى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە تەسىس قىلىندى. ھەربىر جۇمھۇرىيەتنىڭ

ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمىتى بار ئىدى. مەيلى ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىنىڭ ئاپتونومىيىسى بولسۇن، ھەممىسى نەزەرىيە جەھەتتىن قانۇن تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئەينى دەۋردىكى سوۋېتكە ئوخشاش يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەممە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى بىلگرادا تەسىسلەنگەن مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كونتۇرول قىلىناتتى.

▲ يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمەت

1946 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنغا باققاندا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇن ھوقۇقى پۇقرالار پارلامېنتىغا مەنسۇپ ئىدى. پۇقرالار پارلامېنتى فېدېراتسىيە قۇرۇمى ۋە مىللەت قورۇمىدىن تەشكىل تاپاتتى. فېدراتسىيە قورۇمىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن كېلەتتى. مىللەت قۇرۇمدىكىلەر ئالتە جۇمھۇرىيەت ۋە ئىككى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە ۋەكىللىرى ئىدى. پۇقرالار پارلامېنتىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا سۇنۇلغان قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللاش ۋە رەئىسلەرنى سايلاش ئىدى. رەئىسلەر كومىتېتى پارلامېنت نامىدا كۆپ قىسىم قانۇنلارنى نەشر ئەتتى. پارلامېنت يىغىنى ئاخىرلاشقۇچىلىك ئەڭ ئالىي ھوقۇقلىرىنى يۇرگۈزۈپ ئەدلىيە تەپتىشلىكى ۋە ئەمەلىنى ئېلىش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى. ئۇ مىنىستىرلار مەجلىسىنىڭ ئەزالىرنىڭ پارلامېنتى فېدېراتسىيە قۇرۇمى ۋە مىللەت قۇرۇمىدىن تەشكىل تاپاتتى. فېدېراتسىيە قۇرۇمىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن كېلەتتى. مىللەت قۇرۇمدىكىلەر ئالتە جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە ئىدى. پۇقرالار پارلامېنتىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا سۇنۇلغان قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللاش ۋە رەئىسلەرنى سايلاش ئىدى. رەئىسلەر كومىتېتى پارلامېنت نامىدا كۆپ قىسىم قانۇنلارنى نەشر ئەتتى.

پارلامېنت يىغىنى ئاخىرلاشقۇچىلىك ئالىي ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپ ئەدلىيە تەپتىشلىكى ۋە ئەمەلىنى ئېلىش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى. ئۇ مىنىستىرلار مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىنى بېكىتەلەيتتى. مىنىستىرلار مەجلىسى ھۆكۈمەتنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىنى ئالىقىنىدا تۇتاتتى. قول ئاستىدا فېدېراتسىيە قۇرۇمى ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇمى بار ئىدى. فېدېراتسىيە قۇرۇمى، تاشقى ئىشلار، دۆلەت مۇداپىئەسى، قاتناش، ئاۋىئاتسىيە، پوچتا ـ تېلېگراف ۋە خەلقئارا سودا مىنىستىرلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. فېدېراتسىيىلىك جۇمھۇرىيەتنىڭ تارماقلىرى مالىيە، ئىچكى ئىشلار، ئەدلىيە، سودا ـ تەمىنات، ئەمگەك، دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق، ئاممىۋى ئىشلار ۋە تۈرلۈك سانائەت مىنىستىرلىقى ئىدى. ئەينى چاغدا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەت تۈسىدە بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ھوقۇقتا ئاجىز ئىدى. بۇ سوۋېت سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، گەرچە بۇ ئالاھىدىلىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىنى چەكلەپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرقانداق شەكىلدىكى يۇرتۋازلىق ۋە مىللەتچىلىكنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرالايتتى. 1945 ـ 1949 ـ يىللاردا يۇگوسلاۋىيىدە مىللىي مەسىلە ئاساسەن پەقەتلا يۈز بەرمىدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزگە يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

▲ پارتىيىنىڭ رولى

يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى ئىنتىزاملىرى ئۇچۇق، ئىدىيىدە بىرلىكى بار، تەشكىلىي مۇستەھكەم، رەھبەرلىكى كۈچلۈك، يۇگوسلاۋىيە خەلقىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. 1948 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيىدە كومپارتىيە ئەزاسى 448 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ،

يۇگوسلاۋىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن تەبئىيلا دۆلەت ھوقۇقىنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. شۇنداقلا سوۋېت ئەندىزىسىگە ئاساسلانغاچقا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىمۇ سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئومۇملاشتۇرغاندا، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى ئاساسلىقى تۆت خىل يول بىلەن ھوقۇقنى يۈرگۈزدى. بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى ۋە ئىقتىسادتىكى ئاساسىي ئورۇنلارنى قولىدا تۇتۇپ كەلدى. ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ باشلىقلىقىنى بىردەك پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىرى ئۆتىدى. ئىككىنچى، پارتىيە ھەرقايسى تەشكىللەردىكى ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە باشلىقلار ۋاستىسىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. مۇشۇنىڭلىق بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى نازارەت قىلىش مەقسىتىگە يەتتى. ئۈچىنچى، يۇگوسلاۋىيە خەلقى فرونتى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى ئۆز تەسىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان بىر مۇھىم قورال ئىدى. خەلق فرونتى فاشىستلارغا قارشى تۇرىدىغان پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بىر ئاممىۋى بىرلىك سەپ تەشكىلىي بولۇپ، ئەزالىرى ئىچىدە يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھتىكىلەر بار ئىدى. 1948 ـ يىلىغا كەلگەندە خەلق فرونتىنىڭ ئەزالىرى يەتتە مىليونغا يەتتى. ئۇلار پارتىيىنىڭ تۈرلۈك تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ خەلقنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا سەپەرۋەر قىلدى. ئۇلار يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان سىياسىي ئىتتىپاقدىشى بولدى. تۆتىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئامانلىق قىسمى (كېيىن دۆلەت ئامانلىق قىسمىغا ئۆزگەرتىلگەن) ئارقىلىق تۈرلۈك ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق

ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالدى. خەلق ئامانلىق قىسمىنىڭ بارلىق ئەزالىرى پارتىيە ئەزالىرى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقلىقىنى خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە بىردەك لانكوۋىچنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ كەلدى. مەزكۇر تەشكىلات گەرچە بەزى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يۇگوسلاۋىيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىدى. شۇڭا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىغا نىسبەتەن ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك قىلدى. ھېچقايسى جايدا ئاڭ فورماتسىيىسى ۋە ھوقۇق بوشلۇقى قويمىدى. مىللەتچىلىك ئىدىيىسىمۇ باش كۆتۈرەلمىدى.

▲ يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە

يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمىگە ماسلاشقان ھالدا، يۇگوسلاۋىيىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىمۇ يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىدى. يۇگوسلاۋىيە تولۇق ئازاد بولغاندىن كېيىن، دەرھال دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش ئىشىنى تۇتتى. 1946 — 1947 - يىللاردا دۆلەت ئىگىلىكى فېدېراتسىيىلىك جۇمھۇرىيەتتىكى پۈتكۈل سانائەتنى قاپلىدى. شۇنداقلا يەرلىك سانائەتنىڭ 70% ىنى ئىگىلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا فېدېراتسىيە، جۇمھۇرىيەت تاھىيە رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مەركەزلەشكەن، پىلانلىق ئىگىلىكنى شەكىللەندۈردى. بۇ تۈزۈم گەرچە كارخانىنى ۋە يەرلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىسىز بولسىمۇ، ئەمما يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن زور ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا دۇچ كەلگەن ئاشۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچىنى

توپلاش ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ئوڭشاش جەھەتلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيمۇ قالمىدى. شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيىدىكى مىللىي زىنددىيەتكە نىسبەتەن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن بېسىش رولىنى ئوينىدى. شۇڭا يۇرتۋازلىق مىللەتچىلىككىمۇ ئوڭايلىق بولمىدى.

▲ شاھانە داھىيلار كوللېكتىپى

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى تەدرىجىي يوسۇندا ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان يۇكسەك غايە ۋە مۇستەھكەم ئەقىدىلىك پەزىلەتكە باي رەھبەرلىك يادروسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار تىتو (كرودىيە) كادىر (سىلوۋېنىيە)، لەنكوۋىچ (سېربى) باكلىۋىچ (كرودىيە) پىياج (يەھۇدى) قاتارلىقلار بۇ رەھبەرلىك يادروسى يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ رول ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بىرەر ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە قارارلاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئەكس ئەتتى. تىتو پارتىيە ئىچىدە يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا يەنە يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشكەندى. ئۇ دۆلەتنىڭ نەمۇنىسى ۋە قەھرىمانى. «ئۇنىڭ نوپۇزى ئۇنىڭ ھوقۇقىدىن ئۈستۈن ئىدى» يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تىتو باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك يادروسى يۇگوسلاۋىيە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ تىكلىگۈچىلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزى بۇ تۈزۈلمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندى. دەل مۇشۇ يادرونىڭ يۇگوسلاۋىيىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن.

بۇ مەزگىلدە ستالىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى پىلتە بولۇپ، يۇگوسلاۋىيە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆزگە تاشلاندى. ئەمما مىللەتلەر ئارىسىدىكى تالاش - تارتىش باشلاندى. بۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىش تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

▲ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقى تەدرىجىي كىچىكلىدى

سوۋېت ئالىي فورماتسىيىسى بىلەن بولغان مۇنازىرىدە يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيە رەھبەرلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن سوۋېتنىڭ يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنى سوتسىيالىزم يولىدىن چىقتى، دەپ ئەيىبلەشلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن بارا - بارا ئۆرۈلۈپ سوۋېت سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى تەنقىدلەشكە ئۆتتى. سوۋېت تۈزۈلمىسىنى ماركسىزمنىڭ ئەسلىي بايانلىرىغا خىلاپلىق قىلدى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ پۈتكۈل سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقنى ھوقۇق يۇكسەك مەركەزلەشكەن پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپاراتلىرىغا يىغىۋېلىپ، شەخسلەر كاپىتالىزمدىنمۇ رەزىل بولغان دۆلەت كاپىتالىزمى پەيدا قىلغانلىقىنى تەنقىدلىدى. يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى چوقۇم بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلاردا ھەم تەدرىجىي، ھەم تېزلىك بىلەن ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ ئەركىن بىرلىكى» گە بىۋاستە ئىجتىمائىي ئۆزبەگلىكنى يۈرگۈزۈش لازىم دەپ قارىدى. بۇ ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە يۇگوسلاۋىيە پۇقرالار پارلامېنتى 1950 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۆرۈشتىن كېيىنكى يىللاردىكى يۇگوسلاۋىيىنىڭ دۆلەت تۈتۈش يولىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان قانۇن لايىھىسى «ئىشچىلار كوللېكتىپىنىڭ دۆلەتنىڭ

ئىقتىسادىي كارخانىلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئاساسىي قانۇن»نى ماقۇللىدى. مانا بۇ مەشھۇر «ئىشچىلار ئاپتونومىيىسى قانۇنى» ئىدى. «ئىشچىلار ئاپتونومىيىسى»نى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە كارخانىلارنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقى زورايدى. كارخانا دۆلەت پىلانى ئاساسىدا ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزەلىدى. مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرۇپ، پايدا - زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. كارخانا كىرىمى دۆلەت خام چوتىغا قايتا كىرگۈزۈلمىدى، پەقەت دۆلەتكە باج تۆلىدى. كارخانا مۇستەقىللىقىنىڭ زورىيىشى بىلەن بىرگە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كارخانىغا بولغان ئىدارە قىلىش ھوقۇقى زورايدى. 1954 - يىلى پايدىنى تەقسىملەش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈشكە باشلاپ، كارخانا بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ بىرقەدەم كۈچەيدى. كارخانا مۇستەقىل ئىگىلىكچى بولالمىدى، بەلكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەنپەئىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. 50 - يىللاردا يۇگوسلاۋىيىدە يەنە كوممۇنالار بىلەن ناھىيىلەرنى قوشۇۋېتىش بولدى. بۇ كوممۇنا بىلەن ناھىيە ئىدارە قىلىدىغان كارخانا سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن دېرەك بەردىكى، كوممۇنانىڭ مالىيىدىكى ئورنى يەنىمۇ ئېگىلىۋالدى. ناۋادا خەلق كومىتېتى (كوممۇنا ھۆكۈمىتى) نىڭ كارخانا پايدىسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى سەۋەبىدىن كارخانا دىرېكتورلىرىنى ئەۋەتىدىغان ھوقۇقىنى نەزەرگە ئالغاندا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەرلىك ئىقتىسادىي ۋە كارخانا سىياسىتىدە ھەل قىلغۇچ سۆزلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت يەنە خەلق كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز رايونلىرىدا كارخانا قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. يۇقىرىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئەكس تەسىرى يەرلىكنىڭ ھوقۇقىنى

ۋە مەنپەئەت ئىككىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق سىلىنما سىياسىتىنى قالايمىقانلاشتۇردى. كارخانا بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قويدى. فېدېراتسىيە مەركىزىنىڭ ھوقۇقى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلىمىغاندا، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆزى بىلگىنىچە ماڭالمايتتى. لېكىن، مەركەز ئاكتىپلىق بىلەن ھوقۇقنى قويۇۋېتىپ، دۆلەت ھوقۇقى تەدرىجىي ئاجىزلىغاندا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، تەرەققىيات يۈرتۋازلىققا ئايلاندى. يۈرتۋازلىققا ئەشەنچلىك سىياسىي ئاساس ھازىرلاش ئۈچۈن يۈرتۋازلىق مىللىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتچىلىك باش كۆتۈردى.

▲ جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپلەشتى

ئەينى چاغدىكى سىياسىي تۈزۈلمە دۆلەت كونتروللۇقىنى بوشىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەمما، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يەنىلا بازار ۋە مەمۇرىي ئىدارىدىكى شالغۇت ئىدى. يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە مەمۇرىي ئىدارە قىلىش ۋە بازار ۋاستىلىرىنىڭ ھېچقايىسى تولۇق جارى بولمىغان بولۇپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ تۇراتتى. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن ئىقتىسادىي تەدبىرلەردە سىياسىي ئامىل ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ، دۆلەت ئىدارىسىدىكى سېلىنما جۇغلانمىسىدا ئىپادىلىنەتتى. سېلىنما ھەرقايىسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ باج كىرىمىدىن كەلگەن بولۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى بۇ مەبلەغ، ئاساسلىقى قالاق رايونلاردا كارخانا قۇرۇشقا ئىشلىتىلەتتى. شۇنداق قىلىپ ھەرقايىسى جايلاردا سېلىنمىنى تالىشىش ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭلىق بىلەن دەلىلى يېتەرسىز، بازار ئىستىقبالى غۇۋا، ئۈنۈمى يوق

ئاتالمىش «سىياسىي زاۋۇت»لار پەيدا بولدى. بۇ زاۋۇتلار بىر بولسا، قۇرۇلۇش مەزگىلى بەك ئۇزۇن بولغانلىق بىلەن توختىماي مەبلەغكە ئېغىزىنى ئېچىپلا كەلدى. بىر بولسا، ئەمدىلا ئىشقا كىرىشىپلا زىياندىن بېرى بولالماي ئۈزلۈكسىز هالدا دۆلەتنىڭ تولۇقلىمىسىغا قاراپ قىلىپ فېدېراتسىيە هۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر يۈكىگە ئايلاندى. يەنە كېلىپ بۇ يۈكنىڭ چوڭ بېشى يەنىلا ئىلغار رايونلارغا چۈشتى. ئاساسلىقى كرودىيە ۋە سىلوۋېنىيە جۇمهۇرىيەتلىرىنىڭ زىممىسىدە بولدى. 60 —— 50 - يىللاردىكى ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشقان مەزگىللەردە هەرقايسى جۇمهۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەتلەر هېچقانچە گەپ ئەمەستەك ئىدى. ئەمما، تۈزۈلمىدىكى يېتەرسىزلىكتىن ئوت ئالغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى نامۇۋاپىقلىق، تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن 60 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاخىرى ئىقتىسادىي كرىزىس كەلتۈردى. كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كرىزىس پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبىنى تەهلىل قىلغاندا جۇمهۇرىيەتلەر بويىچە لاگېر، مىللەت بويىچە چېگرا ئېلىپ، هوقۇقنى ئاجرىتىش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش، بازار بىلەن پىلاننى چۆرىدەپ بولغان مۇنازىرە پارتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلە تولۇق سىياسىيلاشتى.

تاشقى جەهەتتىن قارىغاندا، بۇ مەيدان مۇنازىرە بىرنەچچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇسۇلىنى چۆرىدەپ قانات يايغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە مۇنازىرىنىڭ ئارقىدا جۇمهۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى يوشۇرۇنغاندى. هەممىگە مەلۇمكى، كرودىيە ۋە سىلوۋېنىيە جۇمهۇرىيەتلىرى يۇگوسلاۋىيىنىڭ تەرەققىي تاپقان رايونى بولۇپ، ئۇلار قالاق رايونلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەستى ئۆز دۆلىتىنىڭ كىرىمىگە ئەركىن ئىگە بولۇش ئىدى. سىربىيە جۇمهۇرىيىتى باشچىلىقىدىكى باشقا

قالاق جۇمھۇرىيەتلەر يەنىلا دۆلەت كونتروللۇقىدىكى سېلىنما مەبلىغىنى قوۋۋەتلەيتتى. بۇنىڭدىكى نىيەت ئۆسۈمسىز ياردەمگە ئېرىشىپ، ئىمكانىيەت يار بەرگەن سۇرەتتە ئۆز دۆلىتى ياكى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئىدى. بولۇپمۇ دۆلەت ئىدارىسى ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھوقۇقى چوڭلىدى. لېكىن يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى سىياسىي مەركەز، سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھوقۇقى ئەكسىچە كىچىكلىدى. بۇ سېربىيە رەھبەرلىرى كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئاقىۋەت ئىدى. ئەلۋەتتە ئىككىلا تەرەپنىڭ قاراشلىرىدا ھەقىقەت يوق ئەمەس، مەسىلەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، تېمىسقا سېلىنمىنى ئازايتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، رايونلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئازايتىش دېگەندەك. ئەمما مەسىلە شۇ يەردىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدا بولۇپمۇ كرودىيە سېربىيە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مىللىي ئۆچمەنلىك بەك چوڭقۇر ئىدى. بىر - بىرىدىن، قارشى تەرەپ تەقسىملىنىشتىن سىرت يەنە باشقا نەرسىمۇ ئىلىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانلىناتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشەنچ تاپمىقى تەس بولدى. شۇنداق قىلىپ جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى ئەسلىدىنلا ئىقتىسادىي تەدبىر جەھەتتىكى تالاش - تارتىش سىياسىي مەسىلىگە ئايلاندى. يۇگوسلاۋىيىدە سىياسىي مەسىلە ماھىيەتتە مىللىي مەسىلە ئىدى. ئەمەلىيەتتە جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەت شەكلىدە پەيدا بولغان مىللىي تىركىشىش 60 - يىللاردىكى يۇگوسلاۋىيە جەمئىيىتىنىڭ چېلىقىشلىق ھادىسىسى ئىدى.

▲ رايونلار ئارىسىدىكى پەرق چوڭايدى

گەرچە يۇگوسلاۋىيىدە ئۇرۇشتىن كېيىن رايونلار ئارىسىدىكى تەرەققىيات پەرقىنى ئازايتىدىغان نۇرغۇن تەدبىرلەر

قولللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەرق كىچىكلىمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. پەرقنىڭ يوغىنىشى قالاق رايوننىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۆزلىرىگە بولغان ياردەمنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن فېدېراتسىيە مەركىزى شىمالدىكى بىر قىسىم زاپاس مەبلەغنى جەنۇبقا سېلىنما قىلىپ ئىشلەتتى. ئەمما مەبلەغنىڭ يۈتكەپ ئىشلىتىلىشى كۆپرەك سىلوۋېنىيە، كرودىيەلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مەسىلەن، قالاق رايونلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى مۇشۇ رايونلار مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 43.5% ئىگىلىگەن (مىندگلوسىننىڭ 99.9%نى ئىگىلىگەن ) كېيىنكى تۆت يىلدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 36.9 %، 29.4 %، 26.5 %، ۋە 22.8 % گە چۈشكەن.

▲ دۆلەتنىڭ سىياسىي كونتروللۇقى تۇرۇپ چىكىپ، تۇرۇپ بوشىدى، لېكىن ئومۇمىي يۆنىلىشى بوش كونتروللۇق بولدى.

دۆلەت سىياسىي ھوقۇقىنىڭ كىچىكلىشىشىنىڭ بىرىنچى روشەن ئىپادىسى پارتىيىنىڭ رولىغا بولغان تونۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بولدى 1952 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى نامىنى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتتى. كومپارتىيە رەھبەرلىرى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى «سىياسىي پارتىيە ئەمەس» بەلكى ئىدىيىسى ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرىكمىسى، «ئۇلار دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا مونوپوللۇق ئورۇندا بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىدىكى ئۆزگىرىش چۈشەندۈردىكى، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى بىۋاستە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا قاتنىششتىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭ

بىلەن بىرگە پارتىيە ئاساسىي قاتلىمىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئاساسىي قاتلام (يەرلىك) پارتىيە تەشكىلىنىڭ يىغىنلىرى چوقۇم ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېچىلىشى لازىم بولدى. پارتىيەسىزلەرنىڭ قاتنىشىشى رىغبەتلەندۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىدىكى ۋە غەيرىي ھۆكۈمەتلەرگە تەۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلى كەسىپلەر ۋە رايونلار بويىچە ئايرىلدى. رايون ۋە يەرلىك پارتىيە تەشكىللىرىگە تېخىمۇ كۆپ مۇستەقىللىق (ئاپتونومىيە) بېرىلدى. مەركىزىي كومىتېت ئاساسىي قاتلامدىكى تەشكىلاتلارغا تەسىر كۆرسىتىش ۋاستىسىدىن ئايرىلدى. پارتىيىنىڭ رولى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى ۋە رەھبەرلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى، ئىدىيە قالايمىقانلاشتى. جەڭگىۋارلىق پەسكويغا چۈشتى، يۇرتۋازلىق، مىللەتچىلىك باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

دۆلەت سىياسىي ھوقۇقىنىڭ كىچىكلىگەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى فېدېراتسىيە مەركىزىنىڭ ھوقۇقىدا بوشلۇق كۆرۈلدى. «6 ـ قۇرۇلتاي» دا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى سىياسىي بيۇروسىنىڭ نامى ئىجرائىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەزالىرى 8 تىن 13 گە كۆپەيتىلدى. بۇ ئۆزگىرىش يۇگوسلاۋىيىنىڭ كەلگۈسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. يېڭى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان ئاساسىي جەھەتتىن بارلىق جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇنداق قىلىش نەزەرىيە جەھەتتىن مەملىكەت خاراكتېرلىك قارار چىقارغاندا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى. بىراق ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ

ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنىغا كىرىشى ماھىيەتتە ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە جېدىلىنى فېدېراتسىيە مەركىزىگە ئېلىپ كىرگىنى ئىدى. شۇنىڭلىق بىلەن فېدېراتسىيە مەركىزى تالاش ـ تارتىش بىلەن توشقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كېسىپ ھەل قىلىشقا قېرىق، ئېتىبارسىز ئاپپاراتقا ئايلىنىپ قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنپەئەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئىختىلاپ يەنە چوقۇم تۈرلۈك ئاخپارات ۋاستىلىرى بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يامراپ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ فېدېراتسىيەدىكى ۋەكىللىرىنى قوللايدىغان ئاممىۋى قوللاشنى پەيدا قىلاتتى. بۇ خىل قوللاش چوقۇمكى، مىللىي تۈس ئالاتتى. بۇ ئەھۋال يۈز بەرسىلا ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر باشلىقلىرى ئارىسىدا مۇرەسسە قىلىش تەسكە توختاپ، مۇنازىرە مەنزىلىگە يەتمىگىنىچە ئۈزۈراپ كېتەتتى. بۇنداق بولغاندا چوڭ ھوقۇقنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئىجرائىيە كومىتېتى كېرەككە كەلمەيتتى. ئەلۋەتتە تىتو ھايات چاغدا ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئېغىز گېپى كۇپايە بولۇپ كەلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىجرائىيە كومىتېتى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيە زۇڭتۇڭىنىڭ كوللېكتىپلىق سىماسى ئىدى. تىتو ۋاپات بولغاندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ كوللېكتىپ پىكىر بىرلىكى پرىنسىپىدا يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ زور ئىشلىرىغا كېسىم قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ھوقۇقنىڭ پۇچەكلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئۈرۈشتىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى 1966 ـ يىلى تىتو ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغۇچى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئەربابى لانكوۋىچنى

تەختتىن چۈشكەنلىكىنى نىشان قىلىپ ئاخىرلاشتى. بۇ مەزگىلدىكى يۇگوسلاۋىيە بىلەن ئۆرۈشتىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردىن زور پەرقلىنەتتى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھەرقايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى چۆرىدىگەن كۆپ مەنپەئەتتىكى توقۇنۇشقۇچى كۈچلەر كۆپ قۇتۇپلۇقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر. بۇ يۈزلىنىش كېيىنكى باسقۇچلاردا ئەسلىگە كېلەلمەس يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ (1967 —— 1980 - يىللار)

بۇ باسقۇچتا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. يەنى يۇگوسلاۋىيىنىڭ تىتو دەۋرىدىكى دۆلەت پارتىيە ھوقۇقى ئەڭ قالايمىقان مەزگىل بولدى. تىتو ئوڭشاشقا ئۈرۈنۈپ باقتى. لېكىن يۇرتۋازلىق ۋە مىللەتچىلىكنىڭ ئىمتىياز ئاساسىي تەگكىلى بولماس بولۇپ كەتكەندى. جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تەس ئىدى. گەرچە يۇگوسلاۋىيە سىياسىي جەھەتتىن بىر دۆلەت بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قەلب (پسىخىكا) جەھەتتىن بۆلۈنۈش بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ دەۋردىكى تارىخىي تەرەققىياتنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

▲ ھوقۇقنى تەقسىملەش تۈزۈلمىسى شەكىللەندى

1966 - يىلى سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنى مەركەز قىلىپ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغۇچى لانكوۋىچ گۇرۇھى غۇلىغاندىن كېيىن، كرودىيە ۋەكىللىكىدىكى ھوقۇقنى تەقسىملەش ئېقىمى غالىب كەلدى. ئۆز غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇلار تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تەرەپتىن بۇرۇنقى تۈزۈلمىگە قارىتىپ زور ئىسلاھات ئېلىپ باردى.

1. بازار ئىگىلىكىنى يۈرگۈزۈشكە تىرىشتى. بۇرۇن يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بازار بىلەن مەمۇرى بۇيرۇقنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، زىددىيەتنىڭ نېگىزى سىپلىنما تۈزۈلمىسى ئىدى. 1964 ـ يىلى دۆلەت سىپلىنما جۇغلانمىسى بىكار قىلىنىپ مەبلەغ ماس ھالدا فېدېراتسىيە بانكىسى ياكى جۇمھۇرىيەت بانكىسىغا ئاغدۇرۇپ بېرىلدى. شۇنداق بولغاندا دۆلەتنىڭ پۇقرالار كىرىمىنى تەقسىملەش ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئازىياتتى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ باج يىغىش ھوقۇقىمۇ زور دەرىجىدە كىچىكلىدى. دۆلەتنىڭ ئاجىز سانائەت ياكى تارماقلارغا تولۇقلاپ بېرىدىغىنىمۇ ئازايدى. بۇ قارىماققا پۈتۈنلەي ئىقتىسادىي ئىشلاردەك كۆرۈنىدىغان تەدبىرلەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كىرودىيە قاتارلىق شىمالدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ بىر قېتىملىق زور سىياسىي غەلىبىسى ئىدى. چۈنكى بۇ تەدبىرلەر ئۇلار تەلەپ قىلىۋاتقان پۇقرالار كىرىمىنى تەقسىملەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندى.

2. پارتىيەنىڭ ھوقۇقى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى ۋە فېدېراتسىيىلەشتى. 1966 ـ يىلى لانكوۋىچ غۇلىغاندىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە دۆلەت بىخەتەرلىكى ئاپپاراتلىرى، پارتىيە تەشكىلى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ چىرىكلىشىشى، قانۇنغا، بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە پاش قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت ئىدىيە قالايمىقانچىلىقى ۋە رەھبەرلىكنىڭ ئاجىزلىقىدا خامۇش ھالدا تۇرغان پارتىيىنىڭ نوپۇزىنى يوق قىلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتىيىنىڭ فېدېراتسىيىلىشىشى يۈزلىنىشى كۈنسېرى كۈچەيدى. 1969 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 9 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر

قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى تارقىتىۋېتىلىپ، ئورنىغا بىر يېڭىدىن بەلگىلەنگەن رەئىسلەر كومىتېتى ۋە ئۆتكۈنچى ۋەكىللەر مەجلىسى دەسسىتىلدى. بۇ ئىسلاھ رايون كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ نىسبىتىدە ۋەكىل چىقىرىش پرىنسىپىنى بىكار قىلدى. كېيىنكى فېدېراتسىيە پارتىيە مەركىزىنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئوخشاش ساندا ۋەكىل بېرىشىدىن قۇرۇلدى (ئىككى ئاپتونومىيە ئۆلكىدىن كەلگەنلەر ماس ھالدا ئاز ئىدى). نوپۇس ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارالمىدى. يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى شۇنىڭلىق بىلەن فېدېراتسىيىلەشتى. پارتىيە مەركىزىنىڭ ھوقۇقى ساندا بار ئەمەلدە يوق بولدى. تىتونىڭ نوپۇزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىجراچى ئورگان قالمىدى.

3. كۆپ تۈغ، بىر دۆلەتلىك تۈزۈمدىن ئىتتىپاقچىلىققا ئۆتۈش. يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ فېدېراتسىيىلىشىشى بىلەن تەڭلا يۇگوسلاۋىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسمۇ شىددەت بىلەن فېدېراتسىيە (كۆپ تۈغ بىر دۆلەتلىك) تۈزۈمدىن ئىتتىپاقچىلىق تۈزۈمگە يۈرۈش قىلدى. بۇ جەريان 1963 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتىش بىلەن تاماملاندى. 1964 - يىلى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش لايىھىسى دەسلەپ مىللەتلەر قۇرۇمىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى (بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ فېدېراتسىيە قۇرۇمىغا قارايتتى). ئىككىنچىلەپ فېدېراتسىيە مەركىزىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ۋە ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىنى فېدېراتسىيە مەركىزى تەيىنلەيدۇ دېگەننى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ۋەزىپىگە

قويۇپ ئەۋەتىدۇ، دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئېنىق قىلىپ كۆرسەتتىكى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىياسىي مەركىزى فېدېراتسىيە مەركىزىدىن ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر مەركىزىگە يۆتكەلدى. 1968 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئۆزگەرتىلگەن لايىھە ئېلان قىلىنىپ، فېدېراتسىيە پارلامېنتىنىڭ فېدېراتسىيە قۇرۇمى بىكار قىلىنىپ، مىللەتلەر قۇرۇمى بىكار قىلىنىپ، مىللەتلەر قۇرۇمى فېدېراتسىيە پارلامېنتىدىكى ئەڭ ھوقۇقلۇق پارلامېنتقا ئايلاندى. جۇمھۇرىيەتلەر پارلامېنتىنىڭ قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى شۇنىڭلىق بىلەن زورايدى. شۇنداقلا ۋويۋودىنا بىلەن كوسوۋو ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىنى نامىدىن باشقا كۆپ جەھەتلەردە جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن باراۋەر دەپ بەلگىلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنى ئاجىزلاشتۇردى. 1970 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى رەئىسلەر كومىتېتى قارار ماقۇللاپ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەرنىڭ «ئىگىلىك ھوقۇقى»نى ئېتىراپ قىلدى. يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى پەقەت ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدا ماسلاشتۇرغۇچى ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئورگان بولۇپ قالدى ھەم فېدېراتسىيە پارلامېنتىنى چوقۇم مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەر بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن ئاندىن بىر ئىش قىلالايدىغانلىقى توغرۇلۇق تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىشلارنى بەلگىلىدى. ئەمەلىيەتتە جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدا دائىم يۈز بېرىدىغان سۈركىلىشلەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فېدېراتسىيە مەركىزى تالاش ـ تارتىش قۇرۇمايدىغان جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىغا قىسىلىپ قىلىپ بىرەر مەسىلىگىمۇ پىچىغى ئۆتمىدى. بۆسۈپ بىرەر ئىشنى تېخىمۇ قىلالمىدى. 1969 ـ يىلىدىكى يۇگوسلاۋىيە

فېدېراتسىيىسى دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىغا باققاندا، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان قوراللىق كۈچ —— يەرلىك خەلق ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزدى. يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھىسى بۇنى تېخىمۇ تەستىقلىدى. بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تېخىمۇ يېتەرلىك ئىپادە قىلدى. فېدېراتسىيىنىڭ ئىتتىپاققا ئۆزگىرىشى تاماملاندى. ئەينى چاغدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىنبىر كۈچ پەقەت يۇكسەك نوپۇزغا ئىگە تىتولا ئىدى.

▲ ئىقتىساد سىياسىي تۈزۈلمىدىكى ئۆزگىرىش رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى

1974 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى يېڭى قانۇننى ماقۇللىدى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 10 ـ قېتىملىق يىغىنى ئېچىلدى. يېڭى ئاساسىي قانۇن يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمىگە يېڭى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈپ پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق ئىسلاھ تەدبىرلىرىدىن كۆرە ئۇنۇمى ئەكسىچە بولدى.

بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي تۈزۈم جەھەتتە، ئەمگەك ئۆملۈكى نىزامىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىشچىلارنىڭ كارخانا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تىجارىتى دېگەندەك ھالقىلاردىكى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى كۈچەيتىمەكچى، شۇنداقلا كارخانىلارنىڭ ئۆملۈكى بىلەن ئۇنۇمىنى ئۆستۈرمەكچى، ئەۋزەللىكلەرنى تولۇقلىماقچى بولدى. ئەمما ئەمگەك ئۆملۈكى نىزامىنىڭ رولى مىللەتچىلىك سىياسىتىنىڭ رامكىسى —— جۇمھۇرىيەت دائىرىسىدە قانات يېيىپ جۇمھۇرىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆملەشتۇرۇش ياكى باشقىلارغا يول قويىدىغان ھەرقانداق ئىشلار

چەكلەندى، چەتكە قېقىلدى. ئەمما ئۆم ئەمگەك پەقەت ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدىكى كارخانىلارنى ئۆملەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ كىچىككىنىگىمۇ يەتتىسى تەل، چوڭىنىگىمۇ يەتتىسى تەل بولۇپ، قۇرۇلمىدىكى باراۋەرلىك تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بىرلىككە كەلگەن يۇگوسلاۋىيە بازىرى شەكىللىنەلمىدى. جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ئىشىكنى ئېتىۋالغان ئىقتىسادىي مىللەتچىلىك تىنتونىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى چىلىقىشلىق ھادىسە بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى، سىياسىي تۈزۈم جەھەتتە ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈزۈمى، پرىنسىپى يۈرگۈزۈلدى. سىياسىي جەھەتتىكى بۇ مۇھىم تۈزۈم ئىسلاھاتى ئەمەلىيەتتە ئۆم ئەمگەك تەسەررۇپ ئەتكەن جۇمھۇرىيەت ۋە رايون مەنپەئەتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانۇنلاشتۇردى. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەر ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇندىن كەلگەن ھوقۇقنى ئىشلىتىپ مەردانىلىك بىلەن ئۆز رايونىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، مىللەتچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە قانات ياپتى.

▲ سۇنئىي ھالدا سېربىلارنى بېسىش يۇگوسلاۋىيىنى كۆچەيتەلمىدى

سۇنئىي ھالدا سېربىلارنى بېسىش يۇگوسلاۋىيىنى كۆچەيتەلمىدى

ھەممىگە مەلۇمكى، كرودىيە، سېربىيە جۇمھۇرىيەتلىرى يۇگوسلاۋىيىدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى سىياسىي، ئىقتىسادىي گەۋدە. ئۇلار نوپۇس، يەر مەيدانى، تارىخىي، مەدەنىيەت، سىياسىي دېگەندەك جەھەتلەردە بىردەك سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان تەسىرگە ئىگە بولۇپ، يۇگوسلاۋىيىنىڭ بىرلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان مۇھىم كۈچلەر، بىراق مەيلى تارىخىي جەھەتتىن

بولسۇن ياكى رېئال سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا بولسۇن، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ زىددىيىتى ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ. ئۇلارنىڭ زىددىيىتى يۇگوسلاۋىيىدىكى تۇرلۇك زىددىيەتلەرنىڭ جان يېرى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ بىر مەزگىل يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە زور ئىدىيىۋى تەسىرى سەۋەبلىك ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى پەسكويغا چۈشكەندى. بىراق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ زىددىيەت يەنە ئىسپادە بولدى. ئىككى مىللەتنىڭ زاھىرى تارتىشىپ پىنھانىي جان تىكىشىشى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. 1966 ـ يىلى لانكوۋىچ غۇلىغاندىن كېيىن، كرودىلار بۇنى تېخىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ غەلىبىسى دەپ بىلدى. شۇ يىلى يازدا كىشىلەر كرودىيە پايتەختى زاگرىفتا شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەن مەنزىرىنى كۆردى. بۇنىڭ ئەكسىچە سېربىلار بۇنى ئۆزىگە بولغان بىر ھاقارەت سانىدى. گەرچە تىتونىڭ بېسىمىدا بۇ ئاچچىق پىنھاندا قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھوقۇقىنى قاتتىق قوغدايدىغان ئاتالمىش «يەر ئاستى سىياسىي كۈچ»نى شەكىللەندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كرودىيە باشچىلىقىدىكى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى مەركىزىنىڭ ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كىچىكلىتىشنى قۇۋۋەتلىگۈچى ھەرقايسى رايونلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سېرپ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۇرگۈچىلەر ئېقىمىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىنى بېسىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالى سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىككى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىسىنىڭ ئورنىنى ئەمەلىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ جۇمھۇرىيەت بىلەن تەڭ دەرىجە قىلىپ ئۇلارنى سېربىيە جۇمھۇرىيىتى ئىچىدىكى دۆلەت ئىچىدىكى دۆلەت قىلىپ قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىتونىڭ قوللىشى ۋە مەدىتىگە ئېرىشكەن

بولۇپ، سېرپلار ئاجىزلىسا يۇگوسلاۋىيە كۇچىيىدۇ، سېرب كۇچەيسە يۇگوسلاۋىيە ئاجىزلايدۇ. دېيىش ئەينى چاغدىكى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى تەدبىرچىلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى. سېربىيە جۇمھۇرىيىتىنى بۇنداق سۇنئىي بېسىش سېرب مىللەتچىلىكىنىڭ پارتلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب.

ئەمما 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 70 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يۇگوسلاۋىيىدىكى ئاساسىي خەۋپ سېرب مىللەتچىلىكى ئەمەس، كرودى رەھبەرلىرىنىڭ قوۋۋەتلىشى ياكى قوزغىتىشى بىلەن قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان چوڭ كرودچىلىق ئىدى. مەسىلە ئالدى بىلەن ئەڭ نازۇك بولغان مىللىي تىل ساھەسىدە كۆرۈلدى. 1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى زاگرېبتىكى ئاساسلىق ئەدەبىي ژۇرنال «كرودىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ نامى ۋە ئورنى توغرىسىدا خىتاب» نى باستى. «خىتاب» قا 130 نەپەر مەشھۇر كرودىيە زىيالىيلىرى ئىمزا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 80ى پارتىيە ئەزاسى، يەنە بىرى كرودىيە مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتى «خىتاب» ھۆكۈمەت ۋە ئاساسىي قانۇندىن سېرب بىلەن كرودىيە تىلىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىككى تىل ئىكەنلىكىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىشى، ئاتالمىش كرودىيە يېزىقىغا بولغان كەمسىتىشنى توختىتىشنى، كرودىيە مەكتەپلىرىدە، گېزىتلىرىدە ۋە ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدە پەقەت كرودىيە يېزىقىنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ ئىش ۋە باشقا تۈرلۈك تەسىرلەر بىلەن 1968 ـ يىلى سېربىيە جۇمھۇرىيىتى كوسوۋو ئاپتونومىيە ئۆلكىسىدىكى ئالبانلار پايتەخت پولشىدىنادا زور كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بېرىپ، كوسوۋونى جۇمھۇرىيەت قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مىللەتچىل تەلەپلىرىمۇ قۇمدەك كۆپەيدى. مەسىلەن، سلاۋىيانلار، ماكېدونىيىلىكلەرمۇ ئۆز تىللىرىنىڭ

فېدېراتسىيىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

كرودىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان مىللەتچىل پائالىيەتلىرى تۇپەيلى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ مىللەتنى قورال ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلىدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا فېدېراتسىيە مەركىزى پالەچ ھالدا بولغاچقا، يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىمۇ زەئىپ ئىدى. شۇڭا جايلاردىكى رەھبەرلەرمۇ مەركەزدىن كېلىدىغان جازانى خىيالىغا ئەكەلمەيتتى. ئۇلار ئۆز رايونلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋاستە تاللىماي قوغدىدى. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇلار دائىم ئۆز خەلقىنىڭ ئاممىۋى قوللىشىغا ئىلتىجا قىلاتتى. باشقا جايلار بىلەن بېتىملەشكەندە، تالاش ـ تارتىش قىلغاندا دائىم مىللەتچىلىك بىلەن قارشى تەرەپكە تەھدىت سالاتتى. شۇنداقلا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى كۆككە كۆتۈرىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر بولسا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز تىلىنى كەمستكەنلىكىنى ئۆزلىرىگە بەرگەن دارامەتنىڭ ئازلىقىنى ياكى ئۇلارغا ئاجراتقان جۇمھۇرىيەت كادىرلىرىنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت ئارمىيىدىكى نىسبىتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ بەك ئازلىقىنى ئەيىبلەيتتى. بۇ خىل قۇتراتقۇ تەرغىبات بىر بۆلۈم ئەگەشكۈچىلەرگە ئېرىشتى. رەھبەرلەر بولسا ئاڭلىغانلار ئېغىزىنى يۇمدى، كۆرگەنلەر كارى بولمىدى. مىللەتچىلىك ئاۋۇپ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلاپ باشقىلارنىڭ نېمە بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان ھەلەكچىلىككە چۈشكەندە، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى يەنىلا سېربىيىچىلىككە قارشى تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۆزئارا گۇمانلىنىدىغان بىنورمال كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى. يۇگوسلاۋىيەنىڭ بىرلىكى ئېغىر خەۋپتە قالدى. سېربلارنى

بېسىش يۇگوسلاۋىيىنى كۆچەيتەلمىدى.

▲ كرودىيە ئانا جەمئىيىتى —— يۇگوسلاۋىيە بىرلىكىنى بۇزغۇچى

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئالىدىغىنىمىز، كرودىيىدىكى ئەشەددىي مىللەتچى تەشكىلات — كرودىيە ئانا جەمئىيىتى (تۆۋەندە قىسقا قىلىپ «ئانا جەمئىيىتى» دېيىلىدۇ) ئۇ كرودىيە خابىسبۇرگ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش كۈرىشىدە كرودىيىلىكلەر مىللىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغاندى. شۇڭا كۆرۈش مۇمكىنكى، ئۇ مەدەنىيەت جەمئىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىللىي سىياسىي تەشكىلات. كرودىيە پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەركەزدىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگۈچىلەرگە قاتتىق قارشى تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇ ھەم ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقداش، ھەم كرودىيىنىڭ مىللەتچى رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى ئىدى. يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر 1963 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا «ئانا جەمئىيەت» ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «مەدەنىيەت» ژۇرنىلى «كرودىيە ھەپتىلىك گېزىتى»نى تەسىس قىلدى. مەزكۇر گېزىت باسىدىغان مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان كرودىيىنىڭ «مىللىي ئارزۇسى» ئىدى. فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش لايىھە مۇزاكىرىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، «كرودىيە ھەپتىلىك گېزىتى» مۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغىنى، كرودىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ نامىنى كرودلار دۆلىتى قىلىپ ئۆزگەرتىش ئىدى. 1970 - يىلى 11 - ئايدىكى يىللىق يىغىندا ئانا جەمئىيەت ئەزا كېڭەيتىش دولقۇنى قوزغىدى ھەم بىر يېڭى پروگراممىا (ئاڭ

تۇغى) تۇرغۇزۇپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى، دېدى. ئارقىدىن «كرودىيە ھەپتىلىك گېزىتى» دىن باشقا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئىككىنچى ئەپكارى «كرودىيە ئىقتىسادىي مۇنازىرە مۇنبىرى» نى چىقاردى. «كرودىيە ھەپتىلىك گېزىتى» نىڭ تارقىلىشى تېزلا 100 مىڭدىن ئارتىپ كەتتى. «ئانا جەمئىيەت» ئەزالىرى 1970 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى 30 ياچېيكا، 2323 ئادەمدىن بىراقلا 55 ياچېيكا، 41 مىڭ ئادەمگە يەتتى. 16 مەخسۇس كومىتېت، 33 ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى يوسۇندا بىر قوللۇق رەھبەرلىك قىلدى. باش ئورگىنى زاگرېپتا تەسىس قىلىندى. يەنىلا يېرىم قانۇنلۇق سىياسىي پارتىيە بولۇپ كېتىۋەردى.

«ئانا جەمئىيەت» كرودىيە كومپارتىيىسىنى ئۆزلۈكسىز قىستاپ كەلدى. 1971 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇلار كرودىيە كومپارتىيىسى قارمىقىدىكى زاگرېپ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە جۇمھۇرىيەت ستۇدېنتلار بىرلەشمىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. كرودىيە كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كرودىيە كومپارتىيىسى «ئانا جەمئىيىتى» نىڭ پائالىيەتلىرىنى قايتا كونترول قىلالمىدى. مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قۇترىتىدىغان پائالىيەتلەر بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 11 ـ ئايدا ئۇلار «كرودىيە ھەپتىلىك گېزىتى» دە «ئانا جەمئىيەت» نىڭ تەكلىپلىرىنى ئېلان قىلىپ، توغرىدىن ـ توغرا يەرلىكنىڭ كرودىيىنى «كرودلار ئىگىلىكىدىكى كرودى دۆلىتى» دەپ بېكىتىلگەنلىكىنى، بۇ خىل ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىدىن كەلگەنلىكىنى، كرودى تىلىنىڭ چوقۇم بىردىنبىر

ھۆكۈمەت تىلى بولىدىغانلىقىنى، كرودىيە مەمۇرىيىتى كرودىيە چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرلۇك باج كىرىمنى تولۇق ئىلكىدە تۇتىدىغانلىقىنى، كرودىيىدە ئۆزىنىڭ چوقۇم پۇل مۇئامىلە سىياستى ۋە تارقاتقۇچى بانكىسى بولۇشى لازىملىقىنى، يۇگوسلاۋىيە خەلق ئارمىيىسى كرودىيەدىن قوبۇل قىلغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتىشى ئادەتتە كرودىيە زېمىنى بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى، كرودىيىنىڭ چوقۇم ئۆز ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشى لازىملىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئانا جەمئىيەت» ۋە كرودىيە ستۇدېنتلىرىنىڭ يىغىلىشلىرىدا يەنە كرودىيىنىڭ ب د ت غا ئەزا بولۇش، يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسىنى ھەقىقىي پوسۇندا فېدېراتسىيەلەشتۇرۇش ۋە خېرتسىگوۋىنا ۋەمىنىمىگىلارغا زىيان سالىدىغان ئەھۋالدا جۇمھۇرىيەت چېگرىسىنى ئۆزگەرتىش دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

كرودىيە كومپارتىيىسى «ئانا جەمئىيەت» نىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلىمەيلا قالماستىن يەنە تېخى پەقەت مىللەتچى ئېقىمنى جەھەتتە «ئانا جەمئىيەت» تىنمۇ ئالدىدا مېڭىپ، ئامىمىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولدى. شۇنداق قىلىپ كرودىيە كوممۇنىزمى بىلەن كرودىيە مىللەتچىلىكى ئارىسىدا پەرق قالمىدى. يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بىرمونى ئارىلىدا ئاچقان ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كرودىيىنىڭ نۇرغۇن تەۋسىيىلىرى ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن تىلىپالو تېخىمۇ غالىبلىق ئاھاڭدا «كرودىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى ھازىر بىر دۆلەت شۇڭا دۆلەت رەھبەرلىرىدەك ئىش قىلىش لازىم» دېدى. مىللىي مەنپەئەت ۋە سىنىپىي مەنپەئەت توغرىسىدا گەپ قىلغاندا ئۇ ھەتتا مىللەت بىلەن سىنىپنى يۇغۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەنپەت

بىلەن سىياسىي مەنپەت بىر نەرسە بولۇپ قالدى. كىرودىيە رەھبەرلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە «ئانا جەمئىيەت» تەشۋىقاتىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن كىرودىيە ئاممىسىنىڭ مىللىي كەيپىياتىمۇ ئاشقۇنلۇققا يۈزلەندى. جىددىيلەشكەن سېربلار قوراللىنىپ ئۆزىنى قوغدىماقچى بولدى. كىرودلار بىلەن سېربلارنىڭ توقۇنۇشى پارتلاپ زور كۆلەملىك قان تۆكۈلۈشنىڭ بولۇشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى ئىش ئىدى.

يۇگوسلاۋىيىدە كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك خەۋپىگە باشتىن - ئاخىر ئارىلاشمىغان تىتو ئاخىرى تەدبىر قوللاندى. 1971 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - ، 2 - كۈنلىرى كالاجورج يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى رەئىسلەر كومىتېتىنىڭ 21 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. تىتو كىرودىيە رەھبەرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئۇلارنى مىللەتچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك ۋەسۋەسىسىگە سېلىپ، كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان «ئەكسىلئىنقىلابىي» پائالىيەتلەر ئالدىدا «چىرىك ئەركىنلىك» پوزىتسىيىسىدە بولدى، دەپ كۆرسەتتى. تىتونىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا كىرودىيە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىچىدىكى ئۈچ مۇھىم ئەرباب دابوچېۋىچ كوچار، تىلىپالو ۋە پىرگجىرلار مەجبۇرىي ئىستىپا بەردى. 1972 - يىلى 5 - ئايدا يۇقىرىدىكى ئۈچ كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى. كىرودىيە «ئانا جەمئىيىتى» پېچەتلىنىپ، رەھبەرلىرى قولغا ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ يۇگوسلاۋىيە قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر مىللەتچىلىك پائالىيىتىنىڭ خورىكى پەشۋا يېدى. ئەمما تەكشى ئىش قىلىشقا ئادەتلەنگەن تىتو بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز توختاپ قالمىدى. گەرچە بۇ رەھبەرلەر 1966 - يىلى لانكوۋىچ غۇلىغاندىن كېيىن ۋەزىپىگە قويۇلغان بولسىمۇ، كىرودىيە قوۋمىنىڭ نارازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ يەنە بېسىم ئىشلىتىپ،

سېربىيە جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنىمۇ ئىستېپا بەرگۈزدى. ئۇلار بايرىقى روشەن ھالدا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرغاندى. بۇ قېتىم تىتونىڭ ئۇلارغا زەربە بېرىشىدىكى باھانىسى «ھۆكۈمەتسىزلىك» بولدى.

1974 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن —— ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بۆلۈنۈش يۈزلىنىشىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى

1974 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈزۈنغا سوزۇلغان تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، توختىتىلغان يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۆتىنچى ئاساسىي قانۇنى يۇگوسلاۋىيە ئەڭ ئالىي قانۇن تۇرغۇزۇش ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتتى. ئۆتكەنكىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، بۇ ئاساسىي قانۇن پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تەكىتلىدى. پارتىيە رەئىسى چوقۇم يۇگوسلاۋىيە رەئىسلەر كومىتېتىنىڭ ھەقلىق ئەزاسى بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. ئەمما يېڭى قانۇننىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەمەلىيەتتە 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسى 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدىكى يۇگوسلاۋىيىنىڭ سىياسىي ھاياتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ يېڭى ئەمەلىيىتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. شۇڭا مىللەتچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىك تەھدىتىنى پەقەت يوقاتمىدى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن كۆرگىلى بولىدۇ.

1. ھەرقايىسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەر ئۆز ئاساسىي قانۇنىنى تۈزسە بولاتتى. تۈرلۈك قانۇن، بۇيرۇق ۋە بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق فېدېراتسىيە تاشقى ئىشلار فاكچىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باشقا دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلاشسا بولاتتى. شۇنداقلا پىلان، تاشقى سودا، باھا دېگەندەك تەرەپلەردە زور ھوقۇققا ئىگە بولدى.

2. فېدېراتسىيە پارلامېنتىدا ھەرقايىسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ

مەنپەئىتى ياكى فېدېراتسىيە مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان زور مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ھەممىسى قوشۇلۇش پرىنسىپى قەتئىي ئىجرا قىلىندى. يەنى پەقەت بىر جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە ئۆكتە قوپسىلا پارلامېنت بىردەك پىكىرگە كەلگۈچىلىك ئويلىشىشى لازىم ئىدى. ناۋادا پەقەتلا بىر يەرگە كېلەلمىسە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق تەدبىر قوللانسا بولاتتى. ئەمما بۇنىڭدىن بۇرۇن چوقۇم يېرىم يىل داۋاملىق مۇزاكىرە ئېلىپ باراتتى.

3. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەر بىردەك باراۋەرلىك پرىنسىپىدا فېدېراتسىيە ئاپپاراتلىرىدا باشقۇرۇشقا مۇشتەرى ئىدى. فېدېراتسىيە مەجلىسىنىڭ ئىككى قۇرۇمى مىللەتلەر باراۋەر پرىنسىپىنى قەتئىي بويلىغان ئاساستا تەشكىللەنگەنىدى. فېدېراتسىيە رەئىسلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەر بىردىن ۋەكىل ئەۋەتىش بىلەن قۇرۇلاتتى. رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئەزالار نۆۋەتلىشىپ ئۈستىگە ئالاتتى. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلى بىر يىل ئىدى. فېدېراتسىيە پارلامېنت باشلىقى، زۇڭلى (باش باقانى) ھەرقايسى مىنىستىرلارنىڭ مىنىستىرلىرى (باقانلىرى) دېگەندەك ئورۇنلار ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئادىل تەقسىملىنىشكە كاپالەتلىك قىلىنىپ، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەر ۋەكىللىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆتەيتتى. فېدېراتسىيە ئاپپاراتلىرىدىكى كادىرلىقمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرگە ماس نىسبەتتە بۆلۈپ بېرىلەتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنى ئۈزۈنقى يىللاردىن بۇيانقى فېدېراتسىيە ھوقۇقىنىڭ پۇچەكلىنىشى، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە ياتلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىدى.

ئەكسىچە مەلۇم جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا 1974 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن يۇگوسلاۋىيە تارىخىي تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر نىشانە بولۇپ قالدى. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى ياتلىشىش ئەمەلىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر گە تېخىمۇ زور ياتلىششقا شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل پارچىلىنىشىغا يول ئېچىپ بەردى.

1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تىتو يۇگوسلاۋىيە ئىشچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ 8 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا مەملىكەتتىكى بارلىق پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، ئاپتونومىيىلىك ئورگانلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈزۈلمىسىدىكى پارلامېنتلار ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ باش ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپى ۋە ئىجرائىيە رەئىس، رەئىسنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ بىر يىل بولۇش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. تىتونىڭ بۇ تەكلىپى ئۇنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى سىياسىي ۋەسىيىتى بولدى. 1980 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيە قۇرۇمى ئاساسىي قانۇن تۈزىتىش لايىھىسى ئارقىلىق تىتونىڭ بۇ تەكلىپىنى رەسمىي ھالدا ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تىتونىڭ يۈرىكى ئاخىرقى سوقۇشتىن توختىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قالغىنى پەقەت ھەممە يەر كىرىزىسقا پاتقان بىر ۋەزىيەت بولدى.

## 80 —— 90 ـ يىللاردىكى يۇگوسلاۋىيە كرىزىسى ۋە فېدېراتسىيىنىڭ پارچىلىنىشى

80 ـ يىلىدىن 90 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى يۇگوسلاۋىيىدە تۈرلۈك ـ تۈزلۈك كرىزىسلار بولدى. ئىقتىساد، سىياسىي، مىللەت دېگەندەك جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بۇ مەسىلىلەر خۇددى يەر پوستى تېگىدىكى ماگمىغا ئوخشاش بولۇپ ئىتتو دەۋرىدە غايەت زور ئېنېرگىيە توپلىدى. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئاخىر پارتلاپ چىقىپ يۇگوسلاۋىيە ھەر مىللەت خەلقى مىڭ جاپالار بىلەن 70 يىل تۇتۇپ تۇرغان دۆلەتنى بىر تېپىكتىلا سورۇۋەتتى.

### ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بولغان تەسىرى

پۈتكۈل 60 —— 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى مۇقىمسىز ھالدا بولدى. ئەمما قەتئىي تىركىشىشنىڭ رولى بولدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئېنېرگىيە كرىزىسى پارتلىغاندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە ئىقتىسادى ئېغىر زەربىگە دۇچ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارتىشى كۆچسىز بولۇپ، تاشقى سودا زىيادە ئېشىپ كەتتى، تاشقى قەرز بارغانسېرى كۆپەيدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما كونتروللۇقىنى يوقاتتى، پۇل پاخاللىقى كۆنسېرى ئېغىرلاشتى. يۇگوسلاۋىيە 1979 ـ يىلىنى «ئىقتىسادىي مۇقىملىق يىلى» دەپ ئېلان قىلغاندى. 1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى مەركەزنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى. لېكىن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى.

ۋەزىيەت ئەكسىچە تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. 1981 - يىلىدىن بىرى يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى «ئىقتىسادىي كرىزىس» دەپ ئاتاشقا باشلىدى. كونكرېت ئېيتقاندا، يۇگوسلاۋىيەنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتىن ئىپادىلەندى.

1. تاشقى قەرز زور دەرىجىدە ئارتىپ، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان يۈككە ئايلاندى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرلىرى يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي زور سىلىنما، يۇقىرى سۈرئەت، زور ئىستېمال ئىدى. زور ئىستېمال چوقۇمكى، دۆلەت ئىچىدىكى مالنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتاتتى. شۇڭا تاشقى قەرزگە كەڭ كۆلەمدە ئامال قىلىش يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلىنى تاشقى قەرزنىڭ ئوندىن توققۇزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىدى. 1980 - يىلى يۇگوسلاۋىيىنىڭ تاشقى قەرزى 181 مىليارد دوللار بولسا 1981 - يىلى بۇ ئۆرلەپ 212 مىليارد دوللارغا يەتتى. 1980 - يىلى يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 22 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن قەرز 940 دوللار ئىدى. بۇ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي دارامەتنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن ئارتاتتى.

2. پۇل پاخاللىقى ئارتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېزلىكى تۆۋەنلەپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى چۈشۈپ كەتتى، ئىشسىزلار كۆپەيدى. 1981 —— 1985 - يىللىرى يۇگوسلاۋىيە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىشى پەقەت 0.5% بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 5.9% چۈشكەن. 1985 - يىلى ئىشسىزلار

سانى 1 مىليوندىن ئارتىپ، پۇل پاخاللىقى 76% بولغانىدى. 1988 - يىلى پۇل پاخاللىقى 25% ئىشسىزلار ئارتىپ 1 مىليون 100 مىڭغا يەتتى. 1990 - يىلى 1 مىليون 300 مىڭ بولدى. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. 1986 —— 1988 - يىلىغىچە ئۈچ يىلنىڭ ئىككى يىلدا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشى ئارقىغا ماڭدى. 1990 - يىلى بولسا 7.6% بولدى. ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىس ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى كۈندىن - كۈنگە مۇقىمسىز قىلىۋەتتى. ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلىشى، نامايىشلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. يۇگوسلاۋىيە سىياسىي ۋەزىيىتىدە يامانلىششنىڭ بېشارىتى بولدى.

3. بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي سىستېما قايتا مەۋجۇت بولالمىدى. يۇگوسلاۋىيە «كۈرەش گېزىتى» 1981 - يىلى 5 - ئايدا «بىز دائىم بىزدە سەككىز ئىقتىساد، سەككىز بازار، سەككىز چېگرا بار دەيمىز، ناۋادا ھەقىقەتەن مۇشۇنچىلىكلا بولغان بولسا مەيلى ئىدى. لېكىن ھەتتا 88 مۇ چەكلەنمەيدۇ، ئەمەسمۇ! دەپ كۆرسەتكەندى. مەسىلەن، يۇگوسلاۋىيە تۆمۈريول سەككىز مۇستەقىل سىستېمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت، ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىدىكى تۆمۈريولنى ئېلېكترلەشتۈرۈش سىستېمىلىرى ۋە بۇقا (پاراۋۇز) ماركىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۆز رايونلىرىدا ئۆز ئالدىغا سىستېما شەكىللەندۈرەتتى. مەملىكەتنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر بىۋاستە پويىز ھەرقايسى تۆمۈريولدا توشىغۇچى كارخانىلىرىنىڭ 52 ئاساسىي قاتلامدىكى بىرلەشمە ئەمگەك تەشكىلى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. پويىز مەيلى ئۇزۇن، ياكى قىسقا يوللۇق بولسۇن، پەقەت ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە چېگرىسىدىن ئۆتىدىكەن، خەلقئارا پويىزدەك چوقۇم پاراۋۇز

ئالماشتۇراتتى. بۇ خىل ئېغىر ئىچكى ئىسراپچىلىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ پاراۋۇز ئىشلىتىشچانلىقىنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ پەقەت يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان قىلىپ قويغان. تۆمۈريولدىكى توشۇشچانلىق چۈشكەنسېرى زىيان شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. تاشيول ترانسپوت بازىرىمۇ شۇنداق پارچە - پۇرات، ھەرقايسى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شىركەتلىرى بۆلەكلەر بويىچە بىلەت ساتىدۇ. ئالدىدا بىر خىل باھادا قوزغالغان يەردىن ئۆز جۇمھۇرىيىتى ياكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە چېگرىسىغىچە بېلەت سېتىلىدۇ. ئاندىن يەنە بىر باھادا چېگرىدىن مەنزىلگىچە بېلەت سېتىلىدۇ. يولۇچى قانچە جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىدىن ئۆتسە شۇنچە قېتىم بېلەت ئالىدۇ. بېلەت باھاسى بىر جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىدىكى ئوخشاش مۇساپىدە بېلىتىنىڭ باھاسىدىن خېلى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ھەققتە «كۆرەش گېزىتى» ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شىركەتلىرى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىنىڭ ئوخشىمىغان توشۇش ھەققى ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ پۇل تاپىدۇ. يۇگوسلاۋىيىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدۇ. «ئادەم قۇلىقىغا ئەڭ يېقىن ئۇسۇل بىلەن يۇگوسلاۋىيە بازىرىنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى بىرنەچچە ئۇزۇن يىللىق، ئوتتۇرا يىللىق، قىسقا يىللىق، ئىقتىسادنى تەرتىپكە سېلىش پىلانلىرىنى تۈزدى. ھەتتا 1989 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش قانۇنىنى تۈزدى. ئەمما ھەرقايسى جۇمھۇرىيەت ۋە ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىلەرنىڭ قورسىقىدا جىن بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈتاش پىلانلىرىنى ئىجرا قىلغاندا، ئۆز رايونىنىڭ مەنپەئىتىگە بېقىپ ئىش تۇتتى. ئۆزئارا قامال قىلدى. ھەممىسى ئۆز سىياستى ئۈچۈن بولىدىغان ۋەزىيەتتە قىلچە

ئۆزگىرىش بولمىدى. ھۆكۈمەت پىلانى ئاساسەن ئىغىزدا شەھەر ئالغاندەك ئىش بولدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلاشتى. لېكىن ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى قاماللىق سىياسىي كرىزىسنىڭ پارتلىشى بىلەن داۋاملىق ئەۋج ئالدى. 1991 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سلاۋىيىدە ۋە سېربلار ئارىسىدا كوسوۋو مەسىلىسى تۆپەيلى توقۇنۇش بولۇپ، سېربىيە جۇمھۇرىيىتى بىلەن سلوۋېنىيە جۇمھۇرىيىتى بىر مەزگىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى توختاتتى. ئاندىن يەنە سېربىيە، كرودىيە ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ سېربىيە بازارلىرىدا تاۋارلىرىنى سېتىشقا توساپ (ئالاھىدە باج ئېلىش ئارقىلىق) قۇردى. سېربىيە كرودىيە مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. شۇنداقلا سېربىيە، كرودىيە ئىككى دۆلەتمۇ ماس ھالدا ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سلوۋېنىيە يەنە سېربىيە ۋە سلوۋېنىيە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۆزگەنلىكتىن كۆرۈلگەن زىياننى تۆلەشنى دېدى. كوسوۋونى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. باشقا جۇمھۇرىيەتلەرمۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ فېدېراتسىيىنىڭ قالاقى يوق بولۇشىدىن غەم يېدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرمۇ فېدېراتسىيە خام چوتىغا كىرىدىغان باجنى قىستى. سېربىيە، كرودىيە ئىككى جۇمھۇرىيەت مۇستەقىللىق جاكارلاپ فېدېراتسىيە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. كېيىن ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر يەنە تاۋارلارنىڭ سىرتقا ئېقىشىنى چەكلىدى. بىر ـ بىرىگە چېگرا بېجى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يۇگوسلاۋىيىدە بازار بىرلىكى بولمايلا قالماستىن، يەنە بىرلىككە كەلگەن مىللىي تاموژنا ۋە تاشقى سودا تۈزۈملىرىمۇ پارچىلىنىپ كەتتى. سېربىيە جۇمھۇرىيىتى يۇگوسلاۋىيە مەركىزىي بانكىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى

ئالمايلا، ئۆز جۇمھۇرىيىتى بانكىسى ئارقىلىق 182 مىليارد دىنار يېڭى پۇل تارقاتتى. سلوۋېنىيە، كرودىيە، قارا تاغ قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەرمۇ قانۇنسىز ھالدا مەركىزىي بانكىسىنىڭ زاپاس مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ مالىيە سىستېمىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلدا سلوۋېنىيە، كرودىيە ئىككى جۇمھۇرىيەتمۇ ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇلىنى تارقىتىشقا باشلىدى. ماكېدونىيە ۋە بوسنىيە ئۇنداق قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما دىنارنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى ھەرقايسىسىدا ئوخشىمىدى. شۇنداق قىلىپ يۇگوسلاۋىيىنىڭ پۇل سىستېمىسىمۇ يىمىرىلدى. بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي سىستېما ئۈزۈل - كېسىل گۇمۇرۇلدى.

### سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ پارچىلىنىشى

كوسوۋو ئاپتونومىيە ئۆلكىسىدە 1968 - يىلى ئالبانلار نامايىشىسى يۈز بەرگەندىن بۇيان، ۋەزىيەت ھېچقاچان تىنچلىنىپ باقمىدى. 1981 - يىلى 3 - ئايدا كوسوۋودا توپىلاڭ يۈز بەردى. ئالبان مىللەتچىلىرى يەنە بىر قېتىم ئاپتونومىيىلىك ئۆلكىنى جۇمھۇرىيەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. توپىلاڭ ناھايىتى تېزلا پولشىدىنادىن پۈتۈن ئۆلكىگە كېڭىيىپ، ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە ۋە ئەتراپىدىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مۇقىملىقى تەھدىتكە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋالدا يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى قورال ئىشلىتىپ توپىلاڭنى بېسىقتۇردى. بىراق بۇ ئالبان مىللەتچىلىرىنى ھەرگىز قورقىتالمىدى. توپىلاڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى، 1988 - يىلى ئىككى قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ كوسوۋوغا كىردى. 1989 - يىلى 3 - ئايدا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلدى. ئىككىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ

21 ـ كۈندىن 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە يەنە بىر قېتىم كېچىسى يۈرۈش مەنئى قىلىندى. 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سېربىيە جۇمھۇرىيىتى كوسوۋو ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاخپارات ئورۇنلىرىنى قاتتىق تەقىبلىدى. تارقىتىۋېتىلگەن پارلامېنت ئەزالىرى كاچانىكىدا «كوسوۋو ئاساسىي قانۇنى»نى مەخپىي ماقۇللاپ، پارلامېنتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىنى ئۇزارتىشنى قارار قىلدى.

كوسوۋودىكى بىر قاتار ئىشلار سېربلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنى قوزغاپلا قالماستىن، باشقا جۇمھۇرىيەتلەرگە قاتتىق پوزىتسىيىدە بولۇشنى تەۋسىيە قىلغۇچى سېرب رەھبىرى مىلوشېۋىچنىڭ 1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سېربىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشقا تۈرتكە بولدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، كوسوۋو مەسىلىسىدە قاتتىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەدبىر قوللىنىپ يەنە مىدىنگلو ۋە ۋويۋودىنادىكى مۇستەقىللىق ئېڭىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئېلىۋېتىپ، ئۆز ئېغىزىغا قارايدىغانلارنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى. شۇنداق قىلىپ مىلوشېۋىچ يۇگوسلاۋىيىدىكى سەككىز مۇستەقىل بىرلىكنىڭ تۆتىنى ئىدارە قىلدى. سېربىيىنىڭ تەسىرىنى تېزلا كېڭەيتىپ، يۇگوسلاۋىيىنى سىياسىي تىنچلىققا يۈزلەندۈردى. بۇنىڭدىن سېربىيىگە ھەسەت قىلىدىغان سلوۋېنىيە ۋە كرودىيەلەر ئەنسىزلىككە چۆمدى. ئۇلار سېربىيىنىڭ ھاكىمىيەتلەقلىقى قايتىدىن يۇگوسلاۋىيىنىڭ بېشىغا كېلىدىغاندەك ھېس قىلدى. يۇقىرىدىكى ئىككى جۇمھۇرىيەتلەردە 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىدە سىياسىي كۆپ قۇتۇپلۇق تېز تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەقسىملىشكە بەك زور كۈچ چىقارغاندى.

لېكىن، سېربىيىدىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش خاھىشى يۇقىرىدىكى تەلەپ بىلەن قارمۇقارشى بولۇپ ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتى كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلەشتى. 1988 - يىلى 10 - ئايدا يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى رەئىسلەر كومىتېتىدىكى سلوۋېنىيە ۋەكىلى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. بۇ سلوۋېنىيە بىلەن سېربىيە زىددىيىتىنىڭ ئاشكارا پارتلىشى ئىدى. 1989 - يىلى 2 - ئايدا سېربىيىنىڭ بېسىمى بىلەن يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيە ئارمىيىسى كوسوۋودىكى توپىلاڭنى تىنجىتتى. بۇ يۇگوسلاۋىيىنىڭ قاتتىق دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار فېدېراتسىيە ئارمىيىسى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئالبانلارنى باستۇرغانىكەن، ئۇ يەنە ئوخشاشلا سلوۋېنىيە خەلقىنىمۇ باستۇرۇشتىن ئەيمەنمەيدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا سلوۋېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مىلان كۇچان كوسوۋونىڭ باستۇرۇلۇشىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشتى. سلوۋېنىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزلۈكسىز ھالدا پارچىلىنىش پائالىيىتى كۈچەيتىش بولدى. 1989 - يىلى 9 - ئايدا سلوۋېنىيە پارلامېنتى ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزىتىش لايىھىسىنى ماقۇللاپ سلوۋېنىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە، فېدېراتسىيە بۇنىڭغا ئارىلىشالمايدۇ دەپ جاكارلىدى ھەم يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كېتىش ھوقۇقىمىز بار، دېدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا ئاممىۋى نامايىشنىڭ تۇرۇتكىسىدە سلوۋېنىيە مىلوشېۋىچنىڭ ليۇبليياناغا ئادەم كۆچۈرۈش پىلانىغا توسقۇنلۇق قىلدى. مىلوشېۋىچ سلوۋېنىيەگە ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزۈش بىلەن جاۋاب بەردى. سلوۋېنىيىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا كۈچىنى

كۆرسىتىپ قويدى.

يۇگوسلاۋىيىدىكى سىياسىي ۋە مىللىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى 1990 - يىلى 1 - ئايدا پەۋقۇلئاددە ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. مىلوشېۋىچ ۋە سېربىيە رەھبەرلىرى يۇگوسلاۋىيىنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىدىغان قارار ماقۇللاشقا كۈچىدى. ئەمما «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىدى». سىلوۋېنىيە ۋەكىللىرى يىغىندىن چىقىپ كەتتى. باشقا جۇمھۇرىيەت ۋە رايونلارنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاش ئۈچۈن داۋاملىق يىغىن ئېچىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن ۋاقىت توختاتماي تارقاشنى جاكارلىدى. بۇ بىرلىككە كەلگەن يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ يېمىرىلگەنلىكىنى، يۇگوسلاۋىيە بىرلىكىنىڭ ھالاكىتىنى كۆرسەتتى.

بۇ چاغدا شەرقىي ياۋروپا ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىدە يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردە كۆپ پارتىيە تۈزۈمى ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندى. شۇنداقلا يېڭىدىن قۇرۇلغان پارتىيىنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۆز مىللىتىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مىللەتچىل تەشۋىقاتى كەڭ قوللاشقا ئېرىشكەندى. 1990 - يىلى ئەتىيازدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا سىلوۋېنىيە ۋە كرودىيىدىكى ئۆكتىچى پارتىيىلەر غالىب بولدى. لېكىن بىرلا ۋاقىتتا سېربىيىدە غەلىبە قىلغىنى يەنىلا ئىسمى سوتسىيال پارتىيىسى دەپ ئاتالغان سابىق كومپارتىيە ئىدى. بۇ يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي كرىزىسنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردا سىياسىي بىردەكلىك بولۇپ، داۋاملىق فېدېراتسىيىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىمۇ قالمىدى.

1990 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سىلوۋېنىيىدە

ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. نەتىجىدە 88% ئادەم جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەۋسىيە قىلدى. 1991 - يىلى 2 - ئايدا يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ پۈچۈق پالەچ ھۆكۈمىتى دۆلەت مۈلكىنى ھەرقايسى جايلارغا قانداق ئۈلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. بۇ يۇگوسلاۋىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي ئەمەلىيىتىنى ئېتىراپ قىلغىنىنى چۈشەندۈرەتتى. 6 - ئايدا سلوۋېنىيە بىلەن كرودىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى. 7 - ئايدا كرودىيە قولمان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سېربلار تەشكىلى كرودىيە ئارمىيىسى بىلەن توقۇنۇشتى. 9 - ئايدا سېربىيە كونتروللۇقىدىكى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيە ئارمىيىسى بۇنىڭغا ئارىلاشتى. شۇنداق قىلىپ يۇگوسلاۋىيىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، قانلىق ئىچكى ئۇرۇشمۇ باشلاندى. كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا يۇگوسلاۋىيە خەلق ئارمىيىسى، سېرب خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلى بىلەن سلوۋېنىيە، كرودىيە قوراللىق كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز قاتتىق قوراللىق توقۇنۇشلاردا بولدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۇرۇش توختىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەت دېگىز قولتۇقىدا بىرنەچچە قېتىم يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسى خەلقئارا يىغىنى چاقىرىپ، بىرقانچە نۇسخا توقۇنۇشنى ھەل قىلىش لايىھىسى تۈزدى. بىراق، ھەممىسى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۆتكىنىدىن بەك يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنمىدى.

1991 - يىلى ئاۋىستىرىيە، چېخ - سلوۋاكىيە، ئىتالىيە، ۋېنگىرىيە، پولشا بەش دۆلەت ۋىنىستا «يۇگوسلاۋىيە مەۋجۇت ئەمەس» دەپ جاكارلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كرودىيە پارلامېنتى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى

رەئىسلەر كومىتېتىدىن ئۆز ۋەكىلى سىجۋان مېسىچنى چاقىرتىۋالدى. مېسىچ مېنىڭ ئۆزۈم تۇرغان ئاشۇ خىزمەت ئورنىدا كىرودىيىنىڭ ھوقۇقى ئۈچۈن قىلغان كۈرىشىمگە ئىشەنچ قىلغىنىڭلارغا رەھمەت. مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، يۇگوسلاۋىيە ئەمدى بولمايدۇ» دېدى.

## يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە تارىخي باھا

يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلىرى دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. ئەمما نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە باشتىن - ئاخىر ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەجەللىك خاتالىق ساقلىنىپ كەلدى. مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇشۇ خاتالىق دۆلەتنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى تەقدىرگە پۈتتى.

يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىستلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلغان ۋاقىتتا مىللىي مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكىگە بولغان ئەھمىيىتى يېتەرسىز بولۇپ، زور كۆپچىلىك سوتسىيال دېموكراتىيە پارتىيە ئەزالىرى يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەممە مىللەت بىر مىللەت بولۇش، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى دەپ قارايتتى. يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ نەزەرىدە يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقىنىڭ مۇستەبىتلىكىدىكى بىر قۇللۇق دۆلەت ئۈچ سلاۋىيان قوۋمىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر قىلىۋەتكەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەسىلە ھەل بولغانىدى. بۇ خىل مەيدان 1911 - يىلىدىكى سلاۋىيان سوتسىيالىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى (كوممۇنىزمچىلار) نىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنى

ھۆججەتلىرى ۋە 1920 ـ يىلىدىكى يۇگوسلاۋىيە سوتسىيال ئىشچىلار پارتىيىسى ئىككىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان ھەرىكەت تۇغ ئېگىدا ئەكس ئەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئوبيېكتىپ جەھەتتىن پادىشاھلىقنىڭ «بىر مىللەتلىك» ھوقۇق مەركەزلەشكەن تۈزۈم ۋە چوڭ سىلاۋىيانچىلىقنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى مونوپوللۇق ئورنى مۇستەھكەملەنگەن. 1923 ـ يىلىدىكى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى 2 ـ قۇرۇلتىيىغا كەلگەندە قاتتىق تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن ئاندىن يۇگوسلاۋىيىنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلىكى ئېتىراپ قىلىنغان.

1924 ـ يىلىدىن 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئارىلىشىشىدا زور داۋالغۇشتا بولدى. 1924 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە 3 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ قارارى سېربىيە، كرودىيە، سلوۋېنىيە ئۈچ قېرىنداش مىللەت بىرلىشىپ، بىر ئورتاق دۆلەت بولىدۇ. كەلگۈسىدە مىللىي تەرەققىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە ئوبيېكتىپ شارائىت ھازىرلايدۇ. بۇ تارىخىي ئېھتىياجغا، پرولېتارىيات مەنپەئىتىگە ماس. شۇڭا كومپارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى. بىرىنچىدىن، ئىشچى ـ دېھقانلار جۇمھۇرىيىتى فېدېراتسىيىسى قۇرۇش. ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق مىللەتتە بىردەك ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش. ئۈچىنچىدىن، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تەشۋىقاتنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقماسلىق. بۇ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتسىيىسى ئەندىزىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. بۇ چاغدا خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىگە بەرگەن يوليورۇق كرودىيە،

سلوۋېنىيە خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى يۇگوسلاۋىيەدىن ئايرىلىش ھوقۇقىنى چوقۇم قوللاپ مۇستەقىل دۆلەت قىلىش كېرەك، دېمەكتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنى بولشېۋىكلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش بىلەن چارروسىيىگە تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئىدى. يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ياچېيكىسى بولۇش سۈپىتىدە مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدا پەقەت مۇشۇ مىللىي ئېقىنىنىلا بويلىدى.

1936 ـ يىلدىن كېيىن ئاندىن يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئۆز ئالدىغا مىللىي ئېقىنى بولدى. 1936 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى تىتونىڭ «سېربىيىگە خەت»تىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى قوبۇل كۆردى. بۇنىڭ نېگىزلىك يېرى، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن تارتىپ بۆلۈنۈشكىچە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، بىراق ئېتىبار بۆلۈنۈشتە بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەدەتكار بولىدۇ، دېمەكتىن ئىبارەت ئىدى. 1940 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى 5 ـ قۇرۇلتىيى بېكىتكەن پروگراما: يۇگوسلاۋىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قەتئىي قوغداش، ئۇنى مىللىي مەۋجۇتلۇق ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىنىڭ كەلگۈسىدىكى كاپالىتى قىلىش ئىدى. بۇ تۈغ ئاڭ بىلەن خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ كۆرسەتمىسى بىر يەردىن چىقمايتتى. قادىرنىڭ سۆزى بىلەن دېگەندە، يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئەمەلىيىتى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئېقىنىنى بىر قەدەر ئەركىن شەرھلىدى. بۇ يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ سىياسىي

جەھەتتە يېتىلىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغاپ، تەشكىللەپ فاشىستلارغا قارشى قوراللىق كۈرەشكە قانات يايدۇردى. 1943 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق كومىتېتى مۇھىم قارار چىقىرىپ: يۇگوسلاۋىيە ھازىر ۋە كەلگۈسىدە فېدېراتسىيە پرىنسىپى تۈزۈمىدە قۇرۇلىدۇ. بۇ پرىنسىپ سېرب، كىرودىي، سىلوۋىنىيە، ماكىدونىيە ۋە قاراتاغلىقلارنى تامامەن باراۋەر قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنداقلا يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بارلىق مىللىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، دېدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى بۇ مىللەتلەر پرىنسىپى ئاساسىدا يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنى قۇردى. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، يېڭىدىن قۇرۇلغان يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيە سوۋېت مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتسىيىسى ئەندىزىسى ئاساسىدا قۇرۇلغاندى. 1946 ـ يىلى ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇن ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا سوۋېتنىڭ 1936 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنىنىڭ نۇسخىسى ئىدى.

1948 ـ يىلىدىكى يۇگوسلاۋىيە، سوۋېت توقۇنۇشىدىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيە سوۋېتنىڭ بيۇروكراتلىقىنى تەنقىدلەشنى چىقىش نوقتا قىلىپ ستالىن ئەندىزىسىدىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدى. بۇ ئاساسلىقى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ۋاز كېچىش ۋە ئۈزلۈكسىز ھوقۇقنى تەقسىملەشتە كۆرۈلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئۈزلۈكسىز يول قويۇپ ئاپتونومىيىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. ئەلۋەتتە سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ «ھوقۇق تەقسىملىشى»، «ئاپتونومىيە

بىرىشى» ئەمەلىيەتتە سوۋېتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش يۈزلىنىشى بىلەن غايەت زور پەرق شەكىللەندۇردى. ئەمما باشتىن - ئاخىر يەنىلا بىر مىللەتلەر جۇمھۇرىيەتلىرى فېدېراتسىيە ئەندىزىسىدە بولۇپ كەلدى. ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىگە ئەمەل قىلدى.

## مىللەتلەرنى تونۇش ھەققىدە

يۇگوسلاۋىيە نەزەرىيە جەھەتتىن ستالىننىڭ مىللەت ئېنىقلىمىسىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، سابىق يۇگوسلاۋىيە مىللەتلىرىنى ئۈچكە ئاجراتتى.

1. narod (ئىنگلىزچىدە people ياكى nation) مەنىسى ئاساسەن ئاساسىي مىللەت، يەرلىك مىللەت ياكى «يۇگوسلاۋىيە» مىللىتى دەسلەپتە سېرب، سلوۋېنىيە، كرودى، ماكېدون ۋە قارا تاغچى بەش مىللەت ئىدى. 1971 - يىلدىن كېيىن يەنە مۇسۇلمان مىللىتى قوشۇلۇپ ئالتىسى يۇگوسلاۋىيە مىللىتى بولدى.

2. narodnosti (رۇسچىدىن كىرگەن Hapodnctb) «ۋەتىنى يۇگوسلاۋىيىنىڭ قوشنىلىرى بولغان مىللىي تەركىبلەر» ياكى ئۆزى يۇگوسلاۋىيىدە ئەمما مىللىتىنىڭ ماكانى باشقا دۆلەتتە بولغان مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرى» دېگەن مەزمۇندا. كونكرېتلىرىدىن ئالبانلار، بۇلغارلار، چېخلار، ئىتالىيانلار، ۋېنگىرلار، رۇمانلار، سلاجىكلار، تۈركىيىلىكلەر قاتارلىقلار بار. 1971 - يىلدىن بۇرۇن مۇسۇلمان مىللىتىمۇ مۇشۇلارغا كىرەتتى.

3. nacionalnost (ئىنگلىزچىدا nationality) ئادەم سانى ناھايىتى ئاز مىللىي گۇرۇھلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن،

ئاۋستىرلار، گرېكلار، يەھۇدىيلار، نېمىسلار، پولەكلەر، سىگانلار، رۇسلار، ئوكرائىنلار، ۋالاجىيالار قاتارلىقلار.

ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقىدەك ئاتىلىشلار قانداق ئىلمىي چېگرىلانغان بۇنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ. بەلكى ھەممىدىن مۇھىم تۇرلىنىش narod بىلەن غەيرىي narod دەپ ئايرىلىشى يەنى يەرلىك بىلەن باشقا يەرلىك دەپ ئاساسلىق ۋە ئاساسسىز ياكى يۇگوسلاۋىيىلىك ۋە غەيرىي يۇگوسلاۋىيىلىك دەپ ئايرىلىش. ناۋادا يەرلىك ئاساسلىق يۇگوسلاۋىيىلىك بولسا، ئۇنداقتا مىللىي جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ، بولمىسا يوق بولۇپ كەتسە ئاپتونومىيە ئۆلكە قۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. مەسىلەن، ئالبانلار قاراتاغچىلاردىن جىق، ئەمما ئۇلار پەقەت ئۆزى ئاپتونومىيە ئۆلكىگىلا ئېرىشكەن. مۇشۇنداق ئايرىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى narod (nation) غا تەڭلىشىپ ئۆزىنىڭ جۇمھۇرىيىتىنى قۇرالايدۇ ھەم يۇگوسلاۋىيىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولىدىغان ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. رېئالنى ئەھمىيىتى بولسا، سېربىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن سېربلارنىڭ نەزەرىدە قارا تاغ، ماكىدون ۋە مۇسۇلمان مىللىتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سېرب. ناۋادا مۇشۇ گەپ ئۆرە بولسا ئۇنداقتا سېربلار سابىق يۇگوسلاۋىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 40%نى ئەمەس 70% نى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە بۇ قاراش ئېنىق ھالدا يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى تەرىپىدىن چوڭ سېربچىلىق دەپ تەنقىدلىنىپ كەلدى. بۇنىڭغا سېربلار داۋاملىق قايىل بولمىدى. سابىق يۇگوسلاۋىيە پارچىلىنىشىنىڭ ھارپىسىدا سېربىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەشھۇر بىر ئاكادېمىكى بىر بايانات ئېلان قىلىپ، «چوڭ سېربىيىچىلىك دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداقلار قالپاقلار بىلەن جاھانغا ئېلان قىلىنغان تارىخنى» ئېچىپ بېرىش كېرەك،

دىگەندى. ئۇ بۇ ھەقتە يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى «پارتىيە قارارلىرى بىلەن يېڭى مىللەت ياسىدى، باشتا قارا تاغچىلارنى ئاندىن ئاپتونومىيىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ مۇسۇلمان مىللىتىنى ياسىدى. پۈتۈن دۇنيادا مۇنداق مىللەتتىن بىرىلا بار. شۇنداق قىلىپ يۇگوسلاۋىيىدە مىللىي، ئىرقىي، دىنىي ۋە تارىخىي ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن يۇگۇنكىدەك ئۆتمىتۆشۈكلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ يازدى. بۇ خىل ئېيتىش مەيلى قانچىلىك سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولسۇن، ئەمما ئۇ يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ مىللەت ياسىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. سۇنئىي ھالدا مىللەت ياساش ھامىنى بەدەل تۆلىتىدۇ. بىز ياپونىيە مۇخبىرى ئوخشاشلا يۇگوسلاۋىيە مىللىتىگە مەنسۇپ شۇنداقلا ئاساسىي جەھەتتىن بىر تىللىق كىشىلەر يەنە «مىللىي ئوخشاشماسلىق» ۋە «مىللىي نىشان»لارنى باھانە قىلىپ ئۆز ئارا قىرغىنغا چۈشتى» دەپ يازىدۇ. راست، يۇگوسلاۋىيىنىڭ تراگېدىيىسى — سۇنئىي ياسالغان مىللىي تالاش ـ تارتىشتۇر.

### مىللىي دۆلەتلەرنى تونۇش ھەققىدە

يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى نەزەرىيە جەھەتتىن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ «مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقى» ھەرقايىسى مىللەتلەرنىڭ ياد مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن باش تارتىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرىش توغرىسىدىكى قارىشىنى تولۇق قوبۇل كۆردى. ئەمەلىيىتىدە Narod لىكى بېكىتىلگەنلەرنىڭ يۇگوسلاۋىيىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقى بولدى. سلوۋېنىيە، كرودىيە، سېربىيە، ماكىدونىيە، قاراتاغ بەش جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا ۋېنگىرلار

ۋە ئالبانلاردىن ئىبارەت ئىككى Narodmosti سېربىيە جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە ئىككى ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە —— ۋويۋودىنا ۋە كوسوۋونى قۇردى. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگرىسى ئاساسەن يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقىنىڭ توققۇز ئۆلكىسى ئاساسىدا تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى.

| يۇگوسلاۋىيە پادىشاھلىقى | يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى | |
|---|---|---|
| دوناي دەرياسى ئۆلكىسى<br>مولاۋا دەرياسى ئۆلكىسى<br>درىنا دەرياسى ئۆلكىسى | سېربىيە جۇمھۇرىيىتى | ۋويۋودىنا ئاپتونوم ئۆلكىسى<br>كوسوۋو ئاپتونوم ئۆلكىسى |
| زېتا دەرياسى | كوسوۋو<br>قارا تاغ ←— قارا تاغ جۇمھۇرىيىتى | |
| تېرراۋا ئۆلكىسى | ←—— سلوۋېنىيە جۇمھۇرىيىتى | |
| ساراۋا | كرودىيە جۇمھۇرىيىتى | |
| دېڭىز بويى ئۆلكىسى | دالماتىيا<br>خېرتىسگوۋىنا | |
| ۋربار ( بوسنىيە ) ئۆلكىسى | بوسنىيە ۋە خېرتىسگوۋىنا جۇمھۇرىيىتى | |
| ۋاردار دەرياسى ئۆلكىسى | ←—— ماكېدونىيە جۇمھۇرىيىتى | |

لېنىنىزمغا ئاساسلانغاندا مىللىي دۆلەتنىڭ چېگرىسى بىلەن مىللەت چېگرىسى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ. يەنى بىر مىللەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ % 90تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغاندا ئاندىن «مىللىي دۆلەت» بولالايدۇ. ئەكسىچە % 30 تىن ئارتۇقراق باشقا مىللەت بولغانلار مىللىي تەركىبلىرى مۇرەككەپ دۆلەت بولىدۇ. سابىق يۇگوسلاۋىيىدە پەقەت سلوۋېنىيىلا مىللىي دۆلەت بولالايدۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسى «مىللىي تەركىبلىرى مۇرەككەپ دۆلەت» بولىدۇ. بولۇپمۇ بوسنىيە ـ گېرتسىيە شۇنداق. ئۇ يەردە ئاساسلىقى سېربلار، كرودىيلار ۋە مۇسۇلمان مىللىتىنىڭ ماكانى بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنى ھەقىقىي

مىللىي دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى. مىللەتلەر ئارىلاشقان جايلاردىن «يات»لارنى قوغلاش مانا بۇ سابىق يۇگوسلاۋىيە زېمىنىدا كۆندىن ـ كۆنگە ئەدەپ كېتىۋاتقان ئىرق ساپلاشتۇرۇش ۋە مۇساپىرلىق دولقۇنى. بوسنىيە ـ خېرتسگوۋىنا دەل سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ نەمۇنىسى. ئۇ يەردىكى «ئىرق ساپلاشتۇرۇش» ھەلەكچىلىكىنى چۆرىدىگەن تالاش ـ تارتىشلار شۇنچىلىك ئۆزگىچە، شۇنچىلىك ئۆتكۈر.

**فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تارقاقلاشتۇرۇش ھەققىدە**

ئادەتتە دۆلەت باشقۇرۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، داۋاملىق دۆلەتنى بەلگىلىك نىزام بىلەن نەچچە قاتلام ۋە رايونلارغا بۆلۈپ يەرلىك ھۆكۈمەت تەسىس قىلىپ، مەركەز ۋە يەرلىك ھوقۇقنى ئايرىپ ئىدارە قىلىش يۈرگۈزۈلىدۇ. مەركەزگە ھوقۇقنى يۇكسەك مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئېغىر يەرلىك باشباشتاقلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئاشقۇنلۇقتىن باشقا ئاساسەن ھامىنى مەلۇم خىل ھوقۇق تەقسىملەش ئەندىزىسىدە يەرلىك بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋىتى جىپسىلاشتۇرۇلىدۇ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ. فېدېراتسىيە تۈزۈمى بىر خىل ئەندىزە بولۇپ شەكىل جەھەتتە نىسپىي ھوقۇق تەقسىملەنگەن. سوۋېتنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتسىيە تۈزۈمى شەكلى نىسپىي ھوقۇق ئالغان فېدېراتسىيە تۈزۈمى. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭدا، ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، كېيىنكى ئۆزگە دېگۈزمىگەن يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسى ئەڭ دەسلەپ سوۋېت ئەندىزىسىنى ئالدى، سوۋېت، يۇگوسلاۋىيە توقۇنۇشىدىن كېيىن يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى قەتئىي ھالدا ھوقۇقنى مەركەزگە يىغىشتىن ۋاز كېچىپ ئۆزلۈكسىز ھالدا ھوقۇق تەقسىملىدى.

يەنى ئۆزلۈكسىز ھالدا ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە ھوقۇق بېرىپ ماسلاشتۇرۇش، يول قويۇش يولى بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ھەتتا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەدەپ چېكىگە چىقىۋاتقاندىمۇ كومپارتىيە يەنىلا ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشنى دۇشكەللەپ كېتىۋەردى. شۇڭا سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ پارچىلىنىشى مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆزىدىن كەلدى.

## پارتىيىنى فېدېراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى

رۇسىيە ماركسىزمچىلىرىنىڭ فېدېراتسىيىگە بولغان تونۇشى ئىنكارنى ئىنكار قىلىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما پارتىيىنى فېدېراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە بۇرۇندىنلا قەتئىي قارشى تۇرۇش مەيداندا بولدى (1921 ـ يىللىرىدا تۈرك تاتارلىرى پارتىيىنى مىللەتلەر بويىچە تەشكىللىمەي تۇرۇپ، مىللىي باراۋەرلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، رۇسىيىدە پارتىيىنى تۈرك پارتىيىسى ۋە رۇس پارتىيىسى دەپ ئىككىگە ئايرىپ پارتىيە مەركىزىنى بىر قىلىش تەلىپىنى قويغان). لېنىن، ستالىنلار ئەزەلدىن پارتىيە ئىچىدىكى، پرولېتارىيات ئىچىدىكى مىللىي توساقنى چىقىپ كەلدى. بۇ پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ بىرلىكى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى. يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسى ئەسلىدە بىرلىككە كەلگەن پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسى ئىدى. بىراق ئۈزلۈكسىز ھوقۇقنى تەقسىملەش جەريانىدا كومپارتىيە بارا ـ بارا فېدېراتسىيىلىشىپ كەتتى. 1990 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى بىلگىرادتا ئاچقان پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا سلوۋېنىيە ئۆمىكى يىغىندىن كوللېكتىپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىملىق يىغىن يۇگوسلاۋىيە كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق

يىغىنى بولۇپ قالدى. بىر ياپونىيە مۇخبىرى خەۋەر بېرىپ «ئەينى چاغدا نەق مەيداندا بار غەرب مۇخبىرلىرىنى ھەيران قالدۇرغىنى، قائىدە بويىچە مىللىي قارشىلىقنى ئىنكار قىلىدىغان كوممۇنىست رەھبەرلىرى يىغىنىدا مىللىي كەيپىنى قۇترىتىدىغان گەپلەرنى قىلدى» دەپ يازىدۇ. قارىغاندا پارتىيىنىڭ فېدېراتسىيىلىشىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكلىگەن مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر فېدېراتسىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىدا ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقاندەك رول ئوينىغاندەك قىلىدۇ.

ئومۇمەن سابىق يۇگوسلاۋىيە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە پارچىلاندى. بۇ مىللىي فېدېراتسىيە ئەندىزىسىنىڭ يەنە بىر مەيدان مەغلۇبىيەت سىنىقى ئىدى. بۇگۈندىن ئىبرەت ئېلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلەنگىنىمىزدە، سوۋېت كومپارتىيىسى، يۇگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قارار چىقىرىش ھوقۇقى، مىللىي دۆلەت، فېدېراتسىيە تۈزۈمى دېگەندەك مىللىي نەزەرىيىسىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئالمىساق بولمايدۇ.

# زامانىمىزدىكى مىللىي توقۇنۇشلاردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك

نۆۋەتتىكى مىللىي توقۇنۇش خەلقئارا سىياسىيسىدىكى چىيلىقىشلىق تۈگۈن. مىللىي بۆلگۈنچىلىك بۇنىڭدىكى ئەڭ روشەن مەسىلە. مەزكۇر ماقالە بەش مىسال (ئاسىيادا ئۈچى، ياۋروپادا بىرى، شىمالىي ئامېرىكىدا بىرى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەكى دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي مەسىلە. ئەمما يەنە چېگرا ئاتلىغان يەنى بىرنەچچە دۆلەتنىڭ سىياسىي مەسىلىسى ھەم يەرلىشىپ كەتكەن قالاق، نامرات مىللىي رايونلار بار، ھەم سانائەتلەشكەن باي مىللىي رايونلار بار) نى تاللاپ نۆۋەتتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

## كورتلارنىڭ ئىراقتىكى قانچىلىك بولىدى؟

«مەۋجۇت بولۇش» مۇستەقىللىق شوئارلىرىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان بىر مەيدان ئۇرۇشقىلا قاراپ بىرىمىزكى، ئۇ مىللىي ئاكتىپ ياكى پاسسىپ كۈرەش بولسۇن، كورت خەلقى ئەركىنلىكى ۋە غۇرۇرى بىلەن ياشاش ئۈچۈن غايەت زور بەدەللەرنى تۆلىدى.

ھۈسەيىن ئۇدلۇم

***

بۇ دۆلەتتە پەقەت تۈركلەرلا مىللىي ھوقۇقنى تەلەپ قىلسا

بولىدۇ، باشقىلاردا مۇنداق تەلەپ قىلسا بولمايدۇ.
سلادويى كىلىستوف

***

كورتلار ئوتتۇرا شەرق نوپۇسىدا پارىلار، ئەرەبلەر، تۈركلەر (تۈركىيىلىكلەر) نىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان قەدىمىي مىللەت بولۇپ، 300 يىللىق تارىختا ئىگە دېيىلىدۇ. ئاساسەن تۈركىيە، ئىراق، ئىران ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۇچراشقان رايونلىرى ۋە سۈرىيە، لىۋىيە، كاۋكازنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارالغان.

كورتلار تەخمىنەن ئىپتىدائىي، بىر مىللىي گەۋدە ئەمەس، سىستېمىلاشقان ئەدەبىي تىل ۋە ئىپىز تىلى يوق. يەنىلا قەبىلە ۋە ئۇرۇقداشلىقنى ئۇلگە قىلغان بولۇپ، بىر قەبىلىگە مەنسۇپ بولمىغان يەرلىك كورتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىمۇ زور پەرق مەۋجۇت. ئەمما ئۇ يەنىلا ئەنئەنىدىكى قوي بېقىش، يېرىم چارۋىچىلىق، قانداشلىق، يۇرتداشلىق دېگەنلەردىن شەكىللەنگەن ئۆزگىچە بىر جەمئىيەت. بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي رىشتىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك. ئىسلام داھىلىرى يەرلىكتە يەنىلا زور تەسىر ۋە ھوقۇققا ئىگە. گەرچە كورتلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ھېچقاچان بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەتنى قۇرۇپ باقمىغان. تۈركىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋر سۈرگەن مەزگىللەردە كورتلارنىڭ ئافاسى يەرلىك ئورگان بىلەن ھەمكارلاشقان. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورگانغا قارايدىغان كىچىككىنە ئەمىر بىرلەشمىلىكى ئۆرە بولغان 19 ـ ئەسىر مابەينىدە كورت مىللەتچىلىكى بىخ سۈرۈپ ئىستانبۇل، باغدادلاردا كورت تىلىدىكى گېزىت چىقىرىلىپ، كورتلار سىياسىي پارتىيىسى تەشكىللەنگەن. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كورتلار نۇرغۇن ئەرەب دۆلەتلىرىدەك ئۆز دۆلىتىنى قۇرالمىدى. نەتىجىدە زېمىنى مۇشۇ دۆلەتلەرگە

بۆلۇنۇپ هازىرقىدەك كۆندە قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىران چېگرىسى ئىچىدە كورتلارنىڭ «ماهابىچ جۇمهۇرىيىتى» قۇرۇلغان بولدى. گەرچە ئۆمرى قىسقا بولغان بولسىمۇ، ئەمما كورت مىللەتچىلىكى شۇنىڭ بىلەن ئىلهام ئالدى. كېيىنكى تەرەققىياتى تۈركىيە، ئىراق، ئىران سىياسىيسىغا تەسىر قىلىدىغان ئېغىر مەسىلە بولدى.

كورتلار زېمىنى كىرىشىپ كەتكەن هەرقايسى دۆلەتلەر زېمىن پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن كورتلارنىڭ ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي تەلىپىگە ئىزچىل بىردەك قارشى تۇرۇپ، كورت مىللەتچىلىكىگە ناهايىتى قاتتىق قوراللىق باستۇرۇش مەۋقەسىدە بولۇپ كەلدى.

تۈركىيە تارىخلار مابەينىدىكى هۆكۈمەت ۋە سىياسىيونلارنىڭ هەممىسى كورتلارنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلماي، «كورتلار تۈرك قوۋمى، ئاز سانلىق مىللەت ئەمەس، بەلكى ساپ تۈركتۈر» بۇ «دۆلەتتە پەقەت تۈركلەرلا مىللىي هوقۇق تەلەپ قىلسا بولىدۇ، باشقىلاردا بۇنداق هوقۇق يوق» دەپ كەلدى. كورتلار «تاغچىلار» دەپ ئاتىلىپ هېچقانداق هوقۇق بولمىدى. كورتلارنىڭ هەرقانداق قارشىلىقى بىردەك قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇلدى. تۈركىيىدە كورت تىلى چەكلەندى. تۈرك تىلىنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئادۋوكاتلىقىنى تەلەپ قىلىشىغا يول بېرىلمىدى. دۇكان ئېچىشىغا يول قويۇلمىدى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن مەھرۇم قىلىندى. كورتلار 1925 ـ يىلىدىن تارتىپ قارشىلىقىنى توختاتمىدى. شۇنىڭدىن بۇيان تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ هەربىي زەربىسىگە ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ كەلدى. تۈرك ئارمىيىسى كورت ئاهالىلىرىنى تازىلىغاندا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرىپ تۈگىتىش سىياسىتى قوللىنىپ تەرتىپنى ساقلىدى. بۇنىڭدىن

باشقا كورت ئاھالىلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا كۆچۈردى. ئەمما كورتلار نوپۇسى مەزكۇر يەردىكى نوپۇسنىڭ 10% دىن ئاشمىدى. مۇشۇنىڭ بىلەن كورتلارنى ئاينىتىش ۋە تۈركلەرگە ئۇزۇل - كېسىل ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزدى. بۇ خىل زەربە ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئەمما شۇنىڭدىمۇ كورت مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئاشۇنداق بېسىقتۇرۇلغانلىقى ئەمەس.

ئىران ئۇلارمۇ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولۇپ، كورتلار «پارس تىلىدا سۆزلەشمەيدىغان پارسلار» دەپ ئاتىلىپ ئېتىراپ قىلىنمىغان 40 - يىللاردىكى ھېلىقى «مۇھەببەت جۇمھۇرىيىتى» سوۋېتنىڭ بولۇشىدىن ئايرىلىپلا بىردەمدە گۆرگە پۈتى ساڭگىلىدى، رەھبەرلىرى دارغا ئېسىلدى. 1979 - يىلى ئىران «ئىنقىلابى» دىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق بۇ تولۇق ئۆزى ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئەمەس بولۇپ، پەقەت دىنىي ھوقۇقلار بېرىلەتتى. ئەمما سىياسىي جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت بولمايتتى. كورتلار بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. تا بۈگۈنگىچە ئىران كورتلىرى يەنىلا قاتتىق ھەربىي ئىدارە ئاستىدا تۇرماقتا.

ئىراق كورتلار رەسمىي ھالدا ئېتىراپ قىلىنغان كورت تىلىدىكى گېزىت ئىلىك ئېلىنغان پارلامېنتىمۇ كورت ۋەكىللىرى بار. كورتلاردىن يەنە دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى بولغانلارمۇ بار. ئىراق كورتلىرى ئەنگلىيە ۋە ئىراقنىڭ ھەرقايسى ھۆكۈمەتلىرىگە ئاندا - ساندا قارشىلىق قىلغان 70 - يىللاردا ئىراق تەرەپ دۆلەت تەقدىرىنىڭ كورت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، 1974 - يىلى كورتلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ماقۇللىغان. ئەمما كورتلار

بىلەن بولغان پۈتۈمنىڭ ئاخىرى چىقمىغان ئىراق - ئىران ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا ئىراق يەنە بىر قېتىم كورتلارنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما نېفىت مول جىركوك رايونى ئاپتونومىيىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلدى. پۈتۈم يەنە بىر قېتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىراق ئارمىيىسى ھەتتا خىمىيىۋى قوراللار بىلەن كوتلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېچىنىشلىق باستۇرۇش قىلدى. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆپ دۆلەت قىسىملىرى ئىراقنىڭ شىمالىدا ئۇچۇش چەكلەنگەن رايون قۇردى. ئامېرىكا تۈركىيە، ئىران چېگرىسىدىكى مۇساپىرلارنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، ئىراقتىكى كورتلار رايونىغا كىردى. بۇ يەردىكى كورتلار ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ قوغدىشىدا ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمەت قۇردى. بىراق دەرھاللا بارلىق كورتلارغا قارشى دۆلەتلەرنىڭ بىردەك قارشىلىقىغا يولۇقۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش نىيىتى ئاخىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز سىياسىي مەقسىتىگە زۆرۈر بولىدىغان كورتلىرى بار. بۇ دۆلەتلەر ھەتتا چېگرىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى كورتلار ھەرىكىتى بىلەن پايدا - زىيان توقۇنۇشىدىكى قوشنا دۆلەتلەرنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى كورتلار يەنە بىر تەرەپتىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىگە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق بۇ دۆلەتلەرنىڭ دائىرىلىرى غەرب دۆلەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كورت مەسىلىسىنى قانداقتۇر سىياسىي مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى. ھېچكىم يەكدىللىق بىلەن كورتلارغا ياردەم بېرەي دېمىدى. ئەمەلىيەتتە مەيلى قايسى دۆلەتتىكى كورتلار مۇستەقىللىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن مەزكۇر

دۆلەت ھۆكۇمىتىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر قىرغاقتىكى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىرى بولۇش بىلەن قوشنا دۆلەتنىڭ قارشىلىقى ۋە ئارىلىشىشىغا ئۇچرايدۇ. تۈركىيە بىلەن ئىراقتا شۇنداق مەخپىي كېلىشىم باركى، بىر ـ بىرىنىڭ زېمىنىغا كىرىپ كورتلارغا زەربە بېرىشكە يول بېرىلگەن. تۈركىيە بىلەن ئىرانمۇ كورتلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشقا كېلىشكەن. دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشىدىن كېيىن تۈركىيە، ئىران، سۈرىيە ئۈچ دۆلەت باشقىنى قويۇپ ئىراقتا كورت دۆلىتى قۇرۇپ ئىراقنى پارچىلىۋېتىشكە ئورتاق قارشى تۇرماي تۇرالمىدى.

كورتلارنىڭ نالىسى يەنىلا ھەرقايسى تەشكىللەر ئارىسىدىكى زىيادە ئىتتىپاقسىزلىق، ئىچكى نىزادا بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردا ئىراقتىكى كورتلارنىڭ ئىككى مەزھىپى ئارىسىدا ئىچكى ماجىرا يۈز بەردى. ھەتتا ئۆزئارا قورال كۆتۈرۈشۈپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى.

كورتلارغا زىيانكەشلىك ئېغىر، جاپاسى زىيادە يەنە كېلىپ مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشى داۋاملىق ئېچىنىشلىق بولۇپ كەلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۆلۈنۈش —— مۇستەقىللىق داۋالىرى ئىگىلىك ھوقۇقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولدى ھەم بۇ ھازىرقى زامان خەلقئارا سىياسىي ئەمەلىيەتتىن يىراقلاپ كەتتى. ھەممىدىن ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى، بىر قىسىم كورت تەشكىلاتلىرى سىياسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەددىدىن ئاشتى. مەسىلەن، ساياھەت رايونلىرىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. فرانسىيە، گېرمانىيىنىڭ ئون نەچچە شەھىرىدە تېررورلۇق، پارتلىتىش پائالىيىتىدە بولۇپ، گۇناھسىز پۇقرالارغا بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزۈپ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشتى.

كورتلار تراگېدىيىسى ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇ قاچان تۈگەيدۇ؟ ئالىملار كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركىيىدىكى كورتلار ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيتتى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. تۈركىيىنىڭ تۈپ تەركىبىي بولۇش سالاھىيىتىدە ئايرىم جايلاردا ئاپتونومىيىلىك ئۆلكە تەسىس قىلىدۇ. ئەمما بۇنىڭ شەرتى ئالدى بىلەن ئۇ چوقۇم گۇناھسىز ئاۋامغا قىلىدىغان تېررورلۇق پائالىيىتىنى توختىتىشى كېرەك، دەيدۇ. مېنىڭچە بۇ دۇرۇس گەپ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى چوقۇم ھۆرمەت قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى كېرەك. ئەمما چوقوم بەلگىلىك بىر ئاپتونومىيىدە چەكلىنىشى لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەقەت ئۇرۇش سوزۇقچىلىقى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر تېررورلۇق زوراۋانلىق ھەرىكەت خەلققە تېخىمۇ زور ئاپەت كەلتۈرىدۇكى، مەيلى ئۇ ھۆكۈمەتتىن بولغان بولسۇن، ياكى ئۆكتىچى تەشكىلاتلاردىن بولغان بولسۇن، بىردەك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ. سۆزلىشىش، ھەمكارلىشىش، بىرلىككە كېلىش چوقۇم ھەرقايسى تەرەپ ئورتاق تىرىشىدىغان يۆنىلىش .

## سىرى لانكا: يارىشىشتىكى توسالغۇ

ئەخمەقلىق بىلەن ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ پىكىر ئەندىزىسىدە سىياسىي سەھنىنى كۆزىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا قىلچە ئېتىبار قىلماسلىق بەختسىزلىك.

——[ سىرى لانكا ] باندىلاك

***

ياۋروپادا بىر مىللەتلىك دۆلەتمۇ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتمۇ

بار. لېكىن، ئېپادىسى كۆپ خىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىقىرىلغان ئىمپورت قىلىنغان نۇسخىسىنى باشتىن ـ ئاخىر غەربىي ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خىلى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. چۈنكى، ئاساسلىق كۆچمەن چوڭ دۆلەت مەزكۇر قىتئەنىڭ مۇشۇ رايونلىرىدىن كەلگەن.

[ سرى لانكا ] مانكىر، لوپاس

***

سرى لانكا جەنۇبىي ئاسىيانىڭ قۇيرۇقى ھىندى ئارىلىدىكى بىر ئارال دۆلەت. يەر كۆلىمى 65 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 1 مىليون 600 مىڭ، ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىقى 72% ئىگىلەيدىغان سىنگاللار ۋە 19% نى ئىگىلەيدىغان تەمىللەر. سرى لانكا يەنى جۇڭگو تارىخىي كىتابلىرىدىكى شىر دۆلىتى شىنجالو مەندە چىمىر ھىندىستان، سرى لانكا ئىككى دۆلەت مىللىتى سرى لانكىدىكى چىمىرلارنىڭ ئاشقۇن قوراللىق مىللەتچى تەشكىلى «تەمىللەر يولۋسى» دۇنياغا مەشھۇر.

تەمىللەر بىلەن سىنگالارنىڭ ئىككىلىسىلا قۇيرۇق زېمىنىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر. بۇددا شەيخلىرىنىڭ يىلنامىسى «بۈيۈك تارىخ» قا ئاساسلانغاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە سىنگاللارنىڭ ئەجدادلىرى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن. ئاثلاشلارغا باققاندا، سىنگاللار شىمالىي ھىندىستاندىكى ئارىيانلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ھىندى ـ ياۋروپا تىلىنى قوللىنىدۇ. كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى بۇ ئارالنى بۇددىزمنىڭ ساپلىقىنى قوغدايدىغان قورغان ھېسابلايدۇ. بۇ بۇددىزم ئارىلى ۋە سىنگاللار ئارىلى ئۇقۇمىدا ئەكس ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەمىللەر كېيىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلار، بۇددىزمنىڭ بۇزغۇنچىلىرى. بىراق تەمىللەرمۇ تەخمىنەن 2000 يىل بۇرۇن دېڭىزدىن ئۆتۈپ

كەلگەن. 16 ـ ئەسىردە پورتۇگالىيىلىكلەر كەلگەندە ئۇلار ئارال بىر تەرىپىنىڭ سىنگال پادىشاھلىقى. يەنە بىر تەرىپى تەمىل پادىشاھلىقى ئىكەنلىكىنى سەزگەن. ئەمەلىيەتتە ئارالغا زادى كىمنىڭ بۇرۇن كەلگەنلىكىنى بىلىش تەس. تەمىللەر تەخمىنەن ھىندىستاندىكى تارىخىي ئۇزۇن دالۋىسچالارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ دىلاۋىدا تىلىدا سۆزلىشىدۇ. كۆپ قىسمى ھىندىستان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇمۇ سىرى لانكىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاھالىسى.

سىنگاللار بىلەن تەمىللەر ئارىسىدىكى «شىــــر يولۋاس كۈرىشى»گە مىڭ يىللار بولدى. ئەمما ، زوراۋانلىق بىلەن بولۇۋاتقان رەھىمسىز كۈرەش پەقەت يېقىنقى 20 يىلدىكىلا ئىش. 1996 ـ يىلى قىشتا سىنگاللارنىڭ ئىدارىسىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئاسىي «تەمىل يولۋىسى»نىڭ قورالللــــق ئۇرۇشـــى شىددەتلىك بولدى. ھۆكۈمەت ئۈستۈن ئەسكــــرىي كۈچ ۋە قوراللىرى بىلەن «تەمىل يولۋىسى»نىڭ مەركىزىي ئورۇنلىرى تۇرۇشلۇق ئارالغىچە باردى. سىرى لانكا ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى كۆرسەتتىكى سىنگال، تەمىللەرنىڭ مىللىي كۈرىشى يامان سۈپەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

ئۈچ گەز مۇز بىر كېچىلىك زۇلمەتتىن ئەمەس، سىنگال، تەمىل ئىككى مىللەتنىڭ مىللەتچىلىرى مۇشۇنىــــڭ ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەخمىقانە ئىش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

سىنگاللارنىڭ مىللىي «سەر خىللار» باشتا گەندىنىڭ «بىز بىر مىللەت» ئەقىدىسىنى قوبۇل ئەتكەنىدى. ئەمما ئاشقۇنلار سىرى لانكا دۇنيادا بىردىنبىر سىنگال بۇددا دىنىنىڭ گەۋدىسىنى تەمىللەر بولسا چاتاقچىلار، ئۇلار پەقەت سىنگال مەدەنىيىتى تەرىپىدىن يوتۇۋېلىنىدۇ ياكى قوغلاپ چىقىرىلىـــدۇ، دېگەندە قەتئىي تۇرۇلدى. 1949 ـ يىلى ئەمدىلا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن

سىنگال ھۆكۈمىتى پۇقرالار قانۇنى ئېلان قىلىپ، ھىندىستان تەمىللەرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىدى. 1956 ـ يىلى بۇدساتىۋا ۋاپاتىنىڭ 2500 يىللىقى خاتىرىلىنىش ۋاقتىدا باندىرانايكىنىڭ «پەقەت سىنگال»، «سىنگال تىلىنى بىردىنبىر دۆلەت تىلى قىلىش ۋە سېيلوننى بۇددا دىنىي مۇقەددەس جاي ساناش» شوئارلىرى چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلىپ سىنجالولارنىڭ مىللەتچى كەيپىگە ئىلھام بەردى. سىنگاللارنىڭ ئىككى سىياسىي پارتىيىسى ئۇم پۇقرالار پارتىيىسى ۋە ئەرك پارتىيىسىنىڭ ھەممىسى ئاۋامنىڭ ئىشەنچىسىنى تالاشتى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ھەرقانداق يول قويۇشى بىردەك يەنە بىر پارتىيە تەرىپىدىن «ئاجىزلىق» ياكى ساتقىنلىق دەپ ئەيىبلەندى. شۇڭا بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە سىنگال ھۆكۈمىتى بىلەن تەمىللەر ئارىسىدا گەرچە نۇرغۇن بىتىملەر پۈتۈلگەن بولسىمۇ ئەمما سىنگال مىللەتچىلىكىنىڭ بېسىمى بىلەن قول قويۇلۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا بىتىملار بۇزۇلماي تۇرالمىدى. 1958 ـ يىلى سىنگال تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، زور كۆلەملىك توپىلاڭ پارتلىدى. باندىرانايك ئۆزىنىڭ بەك ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. شۇڭا تەمىل تىلىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە يول قويۇپ، تەمىللەرگە ئازراق يول بەردى. بىراق دەرھاللا ئاشقۇنلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ بىر نەپەر راھىب تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنكى سىنگاللار ھاكىمىيىتى بىر قىسىم يول قويۇش ۋەدىلىرىنى بېرىپلا ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا دەرھال تۆۋە قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا تەمىللەر تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ ئەسەبىيلىككە ماڭدى ۋە بارغانسېرى چېكىنىشكە يولىنى قويمىدى.

تەمىللەر مۇستەملىكە مەزگىللەردە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئىنگلىزچىنى

پۇختا ئىگىلىگەن. يۇقىرى قاتلام ۋە كارول ئاپپاراتلارغا كىرگەن. تۇرمۇشى بىرقەدەر باياشات. ئەمما مۇستەملىكىلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار دىنىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇن جەھەتتىن سىنگاللار ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىدى. ھۆكۈمەت بىر قېتىم ئىشەنچسىز چىققاندىن كېيىن، سىنگاللارنىڭ ھەرقانداق ۋەدىسىگە ئىشەنمىدى. 1977 - يىلىدىن كېيىن تەمىللەرنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتى چېكىگە چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە «تەمىل يولۋىسى» سالاھىيىتى ئەڭ قەدىمىي، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ ھەم ئەڭ ئاشقۇن. تەلىپى: تەمىل ئىلامۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش يەنى تەمىللەرنى تولۇق مۇستەقىل قىلىش «تەمىل يولۋىسى» ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇشقاندىن باشقا يەنە «تەمىل ئىلامىن»غا ساتقىنلىق قىلدى، دېگەن باھانە بىلەن باشقا بىرقەدەر يومشاق باش تەمىل قوراللىرىغا زەربە بەردى. تەمىل يولۋىسى ئۆز ئىشلىرىنى ھەققانىي ھېسابلايدۇ. ئۆز خاھىشىدا ئىش قىلىدۇ. ئۇلار 1991 - يىلى ھىندىستان زۇڭلىسى راجىب گەندىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. تىنىمسىز تېررورلۇق بىلەن گۇناھسىزلارغا تىغ كۆتۈرۈپ ئاخىرى خەلقىنىڭ نەزىرىدىن چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتتىمۇ يېتىم قالدى.

سرى لانكىدىكى شىر يولۋاس كۈرىشىنىڭ ئىككى ئۇچى: سىنگال ئاشقۇنلىرىنىڭ نىيىتى سىنگال مىللىتىنىڭ سرى‌لانكىسى قۇرۇش، تەمىل ئاشقۇنلىرىنىڭ نىيىتى تەمىل خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆز نىيىتىنى يەنە بىرىگە تاڭالمايدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئاشقۇنلۇقنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش بىر نەزەرىيە غەربىي ياۋروپانىڭ « Nation » مىللەت بىلەن دۆلەت ئۇستىمۇ - ئۇست چۈشكەن نەزەرىيە ھەمرا. سىنگاللار

سىرى لانكا سىنگاللارنىڭ مىللىي دۆلىتى دەپ ھېسابلاپ كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتتە غەربىي ياۋروپانىڭ بىر مىللەتلىك دۆلەت ئەندىزىسىنى ئۆلگە قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىدىنلا مەغلۇبىيەت تېمىپ تۇرىدۇ. تەمىللەر بىزمۇ بىر Nation مىللەت، بىزنىڭمۇ مىللەت، دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىمىز بار دەپ قاراپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پاتقىقىغا پاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە غەربىي ياۋروپادىن كەلگەن بۇ خىل مىللەت نەزەرىيىسى شەرقتىكى كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتكە ماس كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟ دەپ بولۇۋاتقان تالاش ـ تارتىشقا ئۇزۇن زامانلار بولدى. 20 ـ يىللاردىلا بىر سىنگال سىياسىيونى كىتيا تەمىللەرنى سىنگاللار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرغان. ئۇنىڭ پىكرى قوبۇل ئېتىلمىگەن. سەۋەب، ئاشۇ غەربىي ياۋروپانىڭ بىر مىللەتلىك ــ دۆلەت نەزەرىيىسى. كىتيا شۇ چاغدىلا غەربنىڭ بۇ نەزەرىيىسىگە ئوت ئېچىپ، بۇ سىرى لانكا تۇپرىقىدا تېرىلغان كەلگىندى ئۇرۇق دەپ قاراپ، سىنگال قېرىنداشلىرىنى «سىياسىي بىرلىك، چوڭ قوشنا كىچىك قوشنىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قالايمىقان ئويلارنى چۇشۇرۇش» كە چاقىرغان. شۇ چاغدا ياش باندىلاناك كىتيانى قوللاپ «ھەرقايسى تەرەپ ئۆز سالاھىيىتىنى ساقلىسا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مىللىي كوللېكتىپ سۈپىتىدە ھەرىكەتلىنىش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەرگەن. «ئۇنىڭ غەربچە مىللەت نەزەرىيىسىگە بولغان تەنقىدى كىتيادىنمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىدىكى، سىرى لانكا سىياسىيونلىرى «ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ پىكىر ئەندىزىسى بويىچە سىياسىينى ئەخمەقلەرچە كۆزىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى قىلچە نەزەرگە ئالمىدى، بۇ بەختسىزلىك، دەپ ھېسابلىدى. بىر باھادا باندىلاناك ئەينى چاغدا «بىر مىللەتلىك دۆلەت كىشىنىدىن قۇتۇلۇپ كۆپ مىللەتلىك مۇقەددەس، مۇنار

شەكىللىك ھەل قىلىشقا يۈزلىنىش»، «بۇ سىنگاللار بىلەن تەمىللەر ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى بېسىشنىڭ ئەڭ ئۈمىدلىك ئۇسۇلى» دېگەن، دەيدۇ. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى، باندىلاناك ياكى ئۆز خەلقى ئەسەبىيلىرىنىڭ بېسىمىدا ياكى ئۆز خەلقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ توغرا مەيداندىن 180° بۇرۇلۇپ كەتتى. تېخىمۇ چوڭ مىللىي تىركىشىشكە يولۇققاندا، ئۇ يول قوياي دېسە، بۇ ئۆز خەلقىدىن بولغان ئەسەبىيلەرنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. باندىلاناكىنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەمىللەر بىلەن بىر قازاندا قايناپ باقتى. ئەمما ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئاشقۇن تەلەپلىرىگە يەنە سەل قاراشقا جۈرئەت قىلمىدى. ئۇ 1967 - يىلى «ئۇلۇغ سىنگال مىللىتى ئۆز ھوقۇقلىرىنىڭ ھىيلە بىلەن قولدىن كېتىشىگە قايتا يول قويمايدۇ، تەمىللەر بۇ رېئاللىقنى قوبۇل ئېتىشى كېرەك» دېدى. بەزى ئالدىن بىلگۈچىلەر بۇنىڭغا باھا بېرىپ: «يۆنىلىش 360° ئۆزگىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاسان قولغا كەلمىگەن تەرەققىيات ۋە ھوقۇقلۇق ئورۇنلاردىنمۇ ئاسانلا ۋاز كېچەلمەيدۇ. تا بۈگۈنگىچە باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى قارار قىلىپ، سىياسىي خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىدىغان سىياسىيون تېخى كۆرۈلمىدى» دەيدۇ. بۇ گەپنىڭ ھەقىقەتەنمۇ جېنى بار، سۆزلىشىش، يارىشىشتا باشقىلارغا مەنپەئەتلىك بولغاندىن كۆرە ئۆزىگە بەكرەك مەنپەئەتلىك بولىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات نوقتىسىدىن قارىغاندا سىنگاللار بىلەن تەمىللەر ھامىنى يارىشىشنىڭ توسالغۇسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالايدۇ.

# پاكىستان: «بىر. ئىككى. بىر» چەمبىرىكى

بىز بىر مىللەت.

—[ ھىندىستان ] گەندى

****

مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنىدىكىلەر ئوخشىمىغان ئىككى مىللەت.

—[ پاكىستان ] جىننا

***

بىز بىر مىللەت.

—[ پاكىستان ] مۇھەممەت ئىمىر رابىس

***

بىر ئەسىر بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئۇقۇملارغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەتتە ياشاش ھوقۇقى بار.

پاكىستان بىر مىللەتلىك دۆلەتمۇ ـ ئەمەس؟ مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، مەزكۇر زېمىندىكى مۇسۇلمانلاردا خاس مىللىي ئالاھىدىلىك بارمۇ ـ يوق؟ مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ. ناۋادا بۇنىڭغا قىلىنغان جاۋاب مۇئەييەنلىك بولسا، ئۇنداقتا مۇسۇلمان ئەمەس ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش تەلىپى ئورۇنلۇق بولىدۇ، بولمىسا ئۇنداق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تۆۋەندىكىدەك لوگىكىلىق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. ئالدىدىكىسىگە باققاندا، پاكىستان بىر مىللەتلىك دۆلەت، كەينىدىكىگە باققاندا، پاكىستان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى يوقىتىدۇ.

—[ پاكىستان ] سەئىد. مۇھەممەد دېجى

***

ئىلگىرىكى 60 يىل مابەينىدە مىللىي دۆلەت نەزەرىيىسى ۋە
خەلق دېگىنىمىز، بىر مىللەت بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئورنىنى
بېسىشقا تېخىمۇ ھوقۇقلۇق دەيدىغان نەزەرىيىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.
-- [ پاكىستان] A . I لاسمان
***
پاكىستانغا جايلاشقان ھىندى دەرياسى ساھىلى قەدىمكى
ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئوچىقى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
3000 يىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ نۇرلىرى كۆرۈلگەن. دراۋدلار
مەزكۇر زېمىننىڭ ئەڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ بىرى ھىندى
دەرياسى ساھىلى يەنى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەزكۇر
رايونغا كىرىشىنىڭ كارىدورى. تارىختا غەربىي، ئوتتۇرا
ئاسىيادىن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ
كەتتى. ھەتتا دراۋدلارنىڭ ئۆزىمۇ ئوتتۇرا دېڭىز ساھىللىرى،
كىچىك ئاسىيا ئارقىلىق كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئارىيانلار،
ماكىدونلار، پارسلار، قىتانلار، ئەرەبلەر، تۈركلەر، موڭغۇللار
بۇ زېمىنغا كىرىشتە بۇ يەردىن ئۆتمەي قالمىغان بولۇپ، بۇ
يەردىكى مىللەت ۋە قوۋملەرنى تولىمۇ مۇرەككەپ قىلىۋەتكەن.
تارىختا بۇ يەردە تۈرلۈك خانلىقلار، قەدىمىي دۆلەتلەر ئۆتتى.
13 ـ ئەسىردىن كېيىن بولۇپمۇ 15 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قوۋملەر بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى
خانلىق تىكلەپ، بۇ يەرنى مۇسۇلمانلار ناھايىتى مەركەزلەشكەن
يەرگە ئايلاندۇردى. 16 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەنگلىيە
مۇستەملىكىچىلىرى بارا ـ بارا پۈتكۈل جەنۇبىي ئاسىيا 2 ـ چوڭ
قۇرۇقلۇقىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزدى. بىراق بۇ يەردە
مىللەت، قوۋم، قەبىلە كۆپ بولۇپ، زامانىۋى مىللەت
تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىي ھەر خىل
بولۇپ، ئاساسلىقى ھىندى دىنىي ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت

ئىككى دىندا ئىدى. گەرچە كەيىندىكىسى ئاز سانلىق بولسىمۇ ئەمما نوپۇسى يەنىلا ناھايىتى زور ئىدى.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ھىندىستاندا مىللەتچىلىك بىخلىنىشقا باشلىدى. ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەت بۈيۈك پارتىيىسى بىلەن مۇسۇلمانلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىسلام ئىتتىپاقى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. دۆلەت بۈيۈك پارتىيىسى باشتىن - ئاخىر بۇ زېمىندا پەقەت بىرلا مىللەت ھىندىلار بار دەپ كەلدى. بۈزرۈك قەھرىمان گەندىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «بىز بىر مىللەت». مەشھۇر ئىسلام ئالىمى سەئىدمۇ تېخى 1885 - يىلى «ھىندى دىنىي بىلەن مۇسۇلمانلار ئوخشىمىغان دىنىي ئېقىمدىكىلەرنى كۆرسىتىدىغان نام، پەقەت دۆلىتىمىزدە ياشايدىغان خەلق مەيلى ئۇ ھىندى دىنىي مۇخلىسى ياكى ئىسلام مۇخلىسى، ياكى خرىستىئان مۇخلىسى بولسۇن، بىردەك بىر مىللەت. (Nation) تەشكىل قىلىدۇ» دەپ قارىغاندى. بىراق، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە «مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرى ئوخشىمىغان ئىككى مىللەت (Nation) ئەنگلىيە بۇ زېمىندىن يىتكەن ھامان ئۇلار باراۋەر ھوقۇق تۇتالمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. مانا بۇ مەزكۇر زېمىندىكى پۈتۈنلەي دىنىي خاراكتېر تەرىپىدىن بۆلۈنگەن «ئىككى مىللەت نەزەرىيىسى».

«ئىككى مىللەت نەزەرىيىسى ماھىيەتتە يەنىلا غەربىي ياۋروپا مىللەتلىرى (Nation) نىڭ مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكى نەزەرىيىسىدىن كەلگەن بولۇپ، مىللەت (Nation) نى قانداق ئىختىرا قىلىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، مىللەت (Nation) لىك سالاھىيىتىنىڭ بولۇشى. مۇشۇ بولىدىكەن مىللىي دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. يەنى بۇ دېگەنلىك ئىككى مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ زېمىندا ھىندى دىنىي

مۇخلىسلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ خاس ئىككى دۆلەت بولۇشى لازىم، دېگەن گەپ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغ داھىسى (i- Azam - Quaid) جىننا بارغانسېرى مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. بارغانسېرى «ئىككى مىللەت» نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇردى. ئۇ ئالدى بىلەن ھىندى مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر مىللەتلىكلىكىنى دەلىللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسەن سىياسىي كەچۈرمىشنىڭ بىردەكلىكى تەسىراتى، مىللەت تارىخىغا بولغان ئورتاق ئىگىدارچىلىق ۋە ئورتاق گەۋدە شەكىللەندۈرگەن خاتىرە. تارىخىي ھادىسىلەرگە بولغان شەرەپ ۋە نومۇس، ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىدىكى ئورتاقلىقنى تۇتتى. 1940 - يىلى جىننا رەسمىي قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ نىشانى پاكىستان قۇرۇش دەپ جاكارلىدى. بۇ قارار ھىندى مۇخلىسلىرىنىڭ قارشىلىقىنى، مەسخىرىسىنى ۋە كەمسىتىشىنى قوزغىدى. بۇ ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ قەيسەرلەشتۈرۈپ، پەقەتلا چېكىنىش يولى قويمىدى. جىننا 1946 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكەت كۈنى قىلىپ بەلگىلىدى. كالكۇتتادا «كالكۇتتا چوڭ قىرغىنى» دەپ ئاتالغان تراگېدىيە يۈز بەردى. ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرى باشقا يەرلەردە قانغا قان ئالىدىغان جاۋابقا ئېرىشتى. ھىندى مۇخلىسلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ توقۇنۇشى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىۋاتقان مەزگىلدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ بېسىمىدا ھىندىستاندىن چىقماي بولمىدى، چېكىنىش ئالدىدا مىڭباتون لايىھىسىنى يۈرگۈزۈپ، بۇ زېمىننى مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى دىنىي مۇخلىسلىرىغا بۆلۈشكە ئاساس سېلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى مۇستەقىل دۆلەت —— ھىندىستان ۋە پاكىستاننى

تىكلىدى. بۇ ئىككى دۆلەت «ئىككى مىللەت نەزەرىيىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان ئىككى دىنىي مىللەتنىڭ مىللىي دۆلىتى» ئىدى. مەسىلە ئىككى دىن مۇخلىسلىرى بەك مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىمۇ مەركەزلىشىش نىسپىي بولۇپ، دىن مۇخلىسلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بىر كېسىم بىلەنلا زېمىن بۆلۈشۈشنىڭ نەتىجىسى نوپۇس ئالماشتۇرۇش، مۇساپىرلىق بولدى. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەش - پەش دېگۈچە 13 مىليون مۇساپىر ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنداقلا يەنە قانۇن بولمىغان ئەھۋالدا بىر مىليوندەك ئادەم دىنىي قەتلىدە ئۆلدى.

جىننا تەۋسىيە قىلغان ئىككى مىللەت گەندىنىڭ «بىر مىللەت» قارىشىغا قارىتىلغاندى. ھىندىستان - پاكىستان ئايرىلغاندىن كېيىن، پاكىستان «بىر مىللەت» بولدى. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا جىننانىڭ تەۋسىيىسى بىلەن گەندىنىڭ تەۋسىيىسى بىر مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش قايىنىشىدا بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان مىللىتى ئىكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئىشەندى. بىراق ئۆز دۆلىتى ئاخىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەھۋال دەسلەپتە تەسەۋۋۇر قىلغاندەك كېلىشىملىك بولمىدى. غەربىي پاكىستاندا ئاز دېگەندە دوبور سىندى بىلوج ۋە پۇشتى دېگەندەك سانى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۆت مىللىي گۇرۇھ، تىل، يېزىق، يوسۇن ۋە پسىخىك جەھەتتىن زور پەرقلىنەتتى. ئەينى چاغدا شەرقىي پاكىستاندىكى بېنگاللار 41 مىليون بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 54% نى ئىگىلەيتتى. ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ سانسكرىت يېزىقى، بېنگال تىلىدىن پەخىرلىنەتتى. بىراق پاكىستاننىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي پاكىستانلىق سىياسىيونلارنىڭ قولىدا ئىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىردەك

ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئوردو يېزىقى مۇسۇلمانلارنىڭ نەمۇنىسى دەپ قاراپ بېنگال تىلىغا قانۇنىي ئورۇن بەرمىدى. مەنسەپتىكى بىرەيلەننىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، «پاكىستان مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى، چوقۇم مۇسۇلمان مىللىتىنىڭ تىلىنى قوللىنىشى لازىم. . . بىر مىللەت پەقەت بىر تىلغا موھتاج بولىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئاپتونومىيىسى ۋە يەرلىك تىل ۋە مەدەنىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش تەلەپلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىردەك چەتكە قېقىلىپ، «مۇسۇلمانچىلىققا يات» ۋە «دۆلەت پۈتۈنلۈكىگە قارشى» دېيىلدى. شۇنداق قىلىپ شەرقىي پاكىستاندىلا ئەمەس، ھەتتا غەربىي پاكىستاندىمۇ توپىلاڭ بولدى. 1971 ـ يىلى شەرقىي پاكىستان ئاخىرى ھىندىستاننىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن مۇستەقىللىق جاكارلاپ بېنگال دۆلىتى دەپ ئاتالدى. پاكىستان بىراقلا يېرىم زېمىنى ۋە خەلقىدىن ئايرىلدى. شۇنداقلا غەربىي پاكىستان كاراچى، ھەيدىلە ئاباد ۋە كودادىمۇ مىللىي مالىمان بولدى. بۇ زېمىندا ئىككى مىللەت نەزەرىيىسى يەنى پاكىستان «بىر مىللەتلىك» دەيدىغان نەزەرىيىگە شەك چۈشۈشكە باشلىدى. پاكىستانلىق بىر بىلگىن ماقالىسىدە: «پاكىستان بىر مەيدان سىياسىي كۈرەشتە دۇنياغا كەلدى. ئەينى چاغدا دۇنيادىكى زور كۆپچىلىك ئادەملەر يەنىلا مىللىي دۆلەت (Nation _ state) ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك سىياسىي شەكىل دەپ قارايتى.» دەپ يازغاندى. بىراق ئۆتكەنكى 60 يىل مابەينىدە مىللىي دۆلەت نەزەرىيىسى يەنى بىر خەلق بىر مىللەت ئىكەن، دۆلەتلىك ئورۇنغا مۇيەسسەر بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە دېمەكنى ئومۇرتقا قىلغان نەزەرىيىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى. ئۇ جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ئىككىلەمچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى مۇسۇلمانلار بىردەك ئۆزىنى مۇستەقىل سىياسىي گەۋدىگە مەنسۇپ بىلەتتى. قايىللىق يېتەرسىز ئىدى. پاكىستان ئوتتۇرىغا

چىققاندا پاكىستان مىللىتى تېخى تولۇق شەكىللەنمىگەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە ئۇ پەقەت ھەرقايسى مىللەتلەر گۇرۇھىنىڭ زور بىرىكمىدىكى ئىرقلار ئارىسىدىكى پەرقنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا بارلىق گۇرۇھلارنىڭ ئۇمىدى مەمۇرىي جەھەتتىن ھوقۇق تەقسىملەنگەن فېدېراتسىيىلىك دۆلەت ئىچىدە بولاتتى.

ئەمما، يۇقىرىقىلارنى پاكىستاننىڭ قوبۇل كۆرمىكى تەس ئىدى. ئۇستۇنلۇكتىكى تونۇش مۇنداق ئىدى. «بىز بىر مىللەت، يەنى ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىش، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى روسۇل ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلامنىڭ باشقا ئەقىدىلىرى پاكىستاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللىيلىكىنىڭ ئاساسى.» بۇ خىل دىنىي مىللىي دۆلەت نەزەرىيىسى ئەلۋەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمما «بىر ئەسىر ئالدىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئىدىيە ھەربىر مىللەتتە بىردەك ئۆز دۆلىتىدە مۇستەقىل ياشاش ھوقۇقى بولىدۇ، دېگەنگە ئاساسلىنىپ، پاكىستان بىر مىللەتلىك دۆلەتمۇ ـ ئەمەس مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىككىنچى قۇيرۇقلۇق قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلار مۇستەقىل مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگىمۇ ـ ئەمەس دېگەن مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ناۋادا بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بولسا، ئۇنداقتا مۇسۇلمان ئەمەس، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل مۇسۇلمان ھىندى دۆلىتى قۇرۇش تەلىپى ھەققانىي بولىدۇ، بولمىسا بۇنىڭ ئەكسى بولىدۇ. بۇنىڭدىن يەنە تۆۋەندىكىدەك لوگىكىلىق خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. ئالدىدىكىگە ئاساسلىنىپ ئىدراك قىلساق پاكىستان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدىن ئايرىلىدۇ.

گەندىنىڭ «بىر مىللەت» دېگەن گېپىدىن جىنانىڭ «ئىككى مىللەت» دېگەنگىچە تا بۈگۈنگىچە پاكىستاننىڭ بىر مىللەت، بىر دۆلەت دەپ تۇرغۇنى «بىر، ئىككى، بىر» ھالقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ھالقىدىكى باراۋەرلىك مۇنداق بولىدۇ:
دىنىي مۇخلىسلار = مىللەت = دۆلەت = دىنىي مۇخلىسلار.
ئۇ يەرلەردىكى سىياسىيونلار مۇشۇ چەمبىرەكتە چىپىپ كەلدى، ئاجايىپ ـ غارايىپ نەزەرىيىلەرمۇ كەم بولۇپ قالمىدى.

△ ناۋادا قۇرۇقلۇقتىكى مۇسۇلمانلار تارىخدىكى مەلۇم مەزگىللەردە ئۆزلىرىنى خاس بىر مىللەت دەپ قارىغان بولسا ئۇنداقتا ئاشۇ مەزگىلدە ئۇلار خاس مىللەتتۇر.

△ قۇرۇقلۇقتىكى مۇسۇلمانلار 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ خاس بىرلىك ئىكەنلىكىدە قەتئىي تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى خۇددى ئىلمىي پاكىتلاردەك ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. گەرچە ئۇلار بۇنىڭدىن بۇرۇن ئايرىم بىر مىللەت بولمىسىمۇ ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ھىندىستاندىكى باشقا پۇقرالار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى تونۇغان ۋە ھېس قىلغان چاغدا ئۆزلىرىنى ئايرىم بىر مىللەت قىلىۋەتتى.

△ ناۋادا ھازىر 1940 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇقلۇقتا بىر يېڭى مىللەت پەيدا بولغان دەپ ئېتىراپ قىلساق، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟

دىنىي مىللىي دۆلەتىزمچىلار يەنىلا ھاياجانلىق نۇتۇقلىرىدا ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلىدۇ. ئەمما بېنگاللار شەرقىي پاكىستاننىڭ 1971 ـ يىلى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاقماي قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئارزۇسى ۋە تەلىپى چۈشىنىشكە بولىدىغان ئىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى

ناھايىتى دۇرۇس ئىش، بۇ يەردىكى مەسىلە ھېلىقى ئاتالمىش «بىر مىللەتكە بىر دۆلەت» دەيدىغان «ياۋروپا ئىدىيىسى» نىڭ خۇراپاتلىقىدىن «بىر. ئىككى. بىر» چەمبىرىكىدىن چەتكە چىقىش كېرەك بولمىسا مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ قارا سايىسىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.

## ئىسپانىيە باسكلار: باياشاتلىقتىن كېيىنكى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن مەسىلە

تۇرمۇش باياشاتلىقى ياكى يەرلىك ئەنئەنە ئوخشاشلا چۈشىنىش تەس بولغان سۇركىلىشلەرنى قوزغايدىغان مەنبەدۇر.

[ ئەنگلىيە ] كىنىس مىدخوسى

***

ئىسپانىيەدە ئاساسلىقى تۆت مىللەت بار: كاسدرىلار (ئىسپانلار)، 25 مىليون 700 مىڭ بولۇپ، نوپۇسنىڭ % 70.2 تىنى ئىگىلەيدۇ. كاتالونىيىلىكلەر 6 مىليون 900 مىڭ بولۇپ، نوپۇسنىڭ % 18.8 تىنى ئىگىلەيدۇ. گالىتسىيىلىكلەر 3 مىليون بولۇپ، نوپۇسنىڭ % 8.2 تىنى ئىگىلەيدۇ. باسكلار 850 مىڭ بولۇپ نوپۇسنىڭ % 2.3 تىنى ئىگىلەيدۇ.

باسكلارنىڭ ئىسپانىيە نوپۇسىدىكى نىسبىتى ئاز، ئەمما ئۇلار ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. يەنى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىسپانىيە كانتابرىكا تاغ تىزمىسى ۋە ئىسپانىيە ـ فرانسىيە چېگرىسىدىكى پىرىنبوس تاغ تىزمىسى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پىرىنبوس تاغ تىزمىسىنىڭ فرانسىيە چېگرىسى ئىچىدىمۇ فرانسىيە باسكلىرى بار.

تارىختا باسكلار ئەركىنلىكىنى ئىزدەش كۆرىشى، پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلەن مەشھۇر. ئىسپانىيە باسكلىرىدا

ئەزەلدىن ئىسپانىيەدىن بۆلۈنىدىغان مىللىي ھەرىكەتتە بولۇپ كەلدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا فالانگىدىن كېيىن دېموكراتىيىلەشتۈرۈش باشلاندى. 1978 ـ يىلى بېلەت تاشلاش ئارقىلىق دېموكراتىك ئاساسىي قانۇندا كاتالون ۋە باسكلار رايوندا يەرلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمەت قۇرۇش بەلگىلەندى. كاتالونلاردا مىللەتچىلىك ھەرىكىتى بولغان. ئەمما، باسكلاردىن مۇشت كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى يەرلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تۆۋەنگە بېرىش بىلەن رادىكال باسك مىللەتچىلىكىنىڭ تېررورلۇق مۇشت كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى بېسىشنى ئۈمىد قىلدى. 1979 ـ يىلى باسك ئۆلكىسىدە پۇقرالارنىڭ بېلەت تاشلىشىشى ئۆتكۈزۈلۈپ باسكىلارنىڭ ئاپتونومىيە پروگراممىسىنى ماقۇللاپ، 1980 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. مەزكۇر پروگراممىدا 47 ماددا بولۇپ، يەرلىك سىياسەتنىڭ ئاپتونومىيە دائىرىسىنى بېكىتتى. باسك مىللەتچىلىك پارتىيىسى مەزكۇر ئاپتونومىيە پروگراممىسىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. زور كۆپچىلىك باسكلار مەزكۇر پروگراممىغا قىزىقتى ۋە قوللىدى. بىراق رادىكال «باسكلار ۋە ئەرك» (ETA) تەشكىلاتى بۇنىڭدىن پەقەتلا قانائەت تاپمىدى. مىللىي مۇستەقىللىقنى ھەل قىلىدىغان تۈپكى قىبلىنامە بولمايدىكەن، ئۇنداقتا سىياسىي نىشان ئىسپانىيىدىكى تۆت باسك ئۆلكىسى ۋە فرانسىيىدىكى ئۈچ باسك ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «باسك سوتسىيال جۇمھۇرىيىتى» بولىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ تەلەپنىڭ ئىسپانىيە باسكلىرىدا بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساسى بار. بىراق فرانسىيە باسك رايونلىرىدا بۇنىڭدا سوغۇق مۇئامىلە بار. فرانسىيە باسكلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى فرانسىيىلىك دەپ بىلىدۇ ۋە بۇنىڭلىق بىلەن پەخىرلىنىدۇ، بۆلۈنۈش تەلىپى يوق.

ئىسپانىيىنىڭ باسكلار مەسىلىسىدە يەنە چوڭقۇر ئىقتىسادىي ئامىل بار. بىسكاي، گىپسۇزكوئا، ئازۋا، ناۋارراادىن ئىبارەت تۆت ئۆلكىدىن تەركىب تاپقان باسك رايونى ئىسپانىيە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلالايدۇ. خەلق تۇرمۇشى باشقا جايلارغا قارىغاندا يۇقىرى، باسك بۇرژۇئالىرى تۇرمۇش باياشاتلىقى خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ بىر تەرەپتىن، باشقا رايونلارغا ئۆز مەيلىچە خەيرخاھلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تار مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ تەسىرىدە بارغانسېرى ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا قېرىنقلاشتى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى باسكلارغا بىر قىسىم ئاپتونومىيىنى بېرىشنى ئويلاشتى. ئەمما، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى خالىمىدى. باسكلار بىلەن كاتالونىيىلەر رايونىدىن ئېلىنىدىغان باج كىرىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي باج كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ھۆكۈمەت ئامېرىكا ياكى گېرمانىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا فېدېراتسىيە تۈزۈمى يامان ئەمەس، ئەمما بىزدە فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ماڭغۇزىدىغان دەسمايە يوق. ئەلۋەتتە باسكلارنىڭ بۆلۈنۈش تەلىپىگە ھەرگىز قوشۇلغىلى بولمايدۇ. دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇن يەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت مەسىلىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئىقتىسادىي نىسبەتەن قالاقلىق مەسىلىسى ئەمەس دەيدۇ. شۇڭا ھېلىقىدەك پەقەت ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلسىلا، مىللىي بۆلۈنۈش تەبىئىي ھالدا ھەل بولىدۇ، دەيدىغان تونۇش يۈزەكىدۇر. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىسا، شۇنىڭغا تۇشلۇق مەسىلىسى بولىدۇ. تەرەققىي قىلسا، يەنە شۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىدۇ. باسكلار مەسىلىسى دەل باياشاتلىقتىن كېيىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشكەن مەسىلىدۇر.

ئەمەلىيەتتە ئىسپانىيە باسكىلىرى كۆتۈرۈپ چىققان مەسىلە ھەرگىز ئۆزگىچە بىر مىسال ئەمەس، سابىق يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىدە ئىشنى دەل ئىقتىسادىي ئەڭ تەرەققىي قىلغان سىلوۋېنىيە بىلەن كرودىيىنىڭ مىللەتچىلىرى باشلىغان. بىلگىيىدىكى فولاماڭ بۆلگۈنچىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بالتىق دېڭىزى ساھىلىدىكى ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋالارنىڭ بۆلۈنۈشىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر بار. ئەمما بۇ يەرلەر دەل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرى. بىر غەرب ئالىمى «بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلىنىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ دۆلەتتىن ئايرىلمايدۇ» دەيدىغان قاراشقا باھا بېرىپ: «بۇ پەرەز ئەمەلىيلىكتىن ئېيتقاندا مىللىي ھېسسىياتنىڭ كۈچ قۇدرىتىگە سەل قارالغان. نەزەرىيە جەھەتتىن سېپى ئۆزىدىن بولمىغان ماركسىزم ئىقتىسادىي تەقدىرچىلىكىنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە ئاساسسىز كېڭەيتىلگەنلىك» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى بۇرۇن بىردەك قاتتىق باستۇرۇش بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئەلۋەتتە قاتتىق بېسىم ھەقنى ئېگەلىگەن بىلەن سۇندۇرالمايتتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى مىللىي سىياسەت بىلەن يەرلىك سىياسەتنى بىرلەشتۈرۈپ «ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى، رادىكال مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىر مەزگىل ساراڭلارچە قارشى تۇردى. نامايىش قىلىش، ئىش تاشلاشتىن، پارتلىتىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە ئۆتتى. ئەينى يىللاردا (1979) «باسك مىللىتى ۋە ئەرك» (ETA) تەشكىلاتى 195 قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈش ھادىسىسىنى پىلانلىدى. مىللەتچىلىكتىن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئاندىن يەنە تېررورلۇققا يەتتى. جەمئىيەتكە مۇقىمسىزلىق ئېلىپ

كېلىپلا قالماي يەنە خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىگە خەۋپ ئەكېلىپ، ئەكسىيەتچىلىككە ماڭدى. بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇنلا ئېنگېلس ياۋروپادا ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ قايسىبىر بۆلۈكلىرىدىن بىر ياكى بىرنەچچە قالدۇق مىللەتلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. . . بۇ قالدۇق مىللەتلەر ھەر قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي قايناملىنىڭ ۋەكىللىرى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار تامامەن يوقالغۇچە ياكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى تامامەن يوقاتقۇچە شۇنداق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ تارىخىي ئىنقىلابقا بولغان قارشىلىقتۇر. . . . ئىسپانىيە باسكلىرى مانا شۇنداقلاردىن. ئۇلار كايۇسلارنىڭ تۆۋرۈكى. «ۋېنگىرىيە (ۋېنگىرىيىنىڭ) كۈرشى» . ئېنگېلسنىڭ بۇ گېپى 1849 ـ يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭدىكى مول مەزمۇننى ئوبدان تەتقىق قىلىپ بېقىش لازىم.

ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى مىللىي سىياسەت كىرگۈزۈپ دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي سىياسەت ساۋاقلىرىنى ھەل قىلدى. بۇ جەرياندا كۈچلۈك مۇنازىرە بولدى. بۇ ئالدى بىلەن ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىقنى چۆرىدىدى. نەتىجىدە 1978 ـ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇن ئىسپانىيە دۆلىتىنى تەشكىل قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئاپتونومىيىسىنى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىللە تۇرۇشنى ئېتىراپ قىلدى ھەم كاپالەت بەردى. بۇ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، تارىخىي تەرەققىيات ئىدى. يېقىندا باسك مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات (ETA) نىڭ رادىكال مەزھىپى باسك مۇستەقىللىق بىرلەشمىسى بىر ياش سىياسىيوننى باغلاپ ئېلىپ كېتىپ ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتتە غۇلغۇلا قوزغىدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا باسك رايونى يەرلىك پارلامېنتتىكى يەتتە

باسك مىللەتچىلىرى سىياسىي پارتىيىسى ئىچىدە ئالتىسى قارار ماقۇللاپ، بۇ خىل تېررورلۇق پائالىيىتىنى ئەيىبلىدى. خەلق رايىنى سىناش دوكلاتى كۆرسىتىدۇكى، 66% ئىسپانىيە خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەيدانىنى قوللايدۇ. ھەتتا تۈرمىدىكى ئۈچ باسك (ETA) ئەسكىرى تۈرمىدە بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ خىل تېررورلۇقنى ئەيىبلەپ «29 ياشلىق بىلانىك ئۆلتۈرۈلگەچكە باسك (ETA) كىشىلەرنىڭ تېررورلۇققا بولغان ئۆچمەنلىكىنى چېكىگە چىقىرىۋەتتى» دەيدۇ. رادىكال باسك مىللىي بۆلگۈنچىلىرى بۇگۈنكى دۇنياۋى مىللەتچىلىك ئېقىمى شارائىتىدا ئەكسىچە تولىمۇ يېتىم قالدى. سەۋەب ئۇ تېررورلۇق بىلەن خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەندىن باشقا ئىسپانىيە ھۆكۈمەت سىياسىتىنىمۇ تەڭشىدى.

## كانادا كوبېك مەسىلىسى: پەقەت تىل مەدەنىيىتى مەسىلىسىمۇ؟

ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فرانسىيە سودىگەرلىرى كانادالىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەتتا كوبېكنى مەركەز قىلغان سىياسىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇتۇۋالغىنى يەر ئايرىملىقى بىلەن مىللەت ئايرىملىقىنىڭ ماس كېلىپ قالغانلىقى.

[ ياپونىيە ] تۇكۇياما خىراتا

***

كانادانىڭ «كۆپ مىللەتلىك ماساك جەمئىيىتى» دەپ نامى بار. كانادا مىللەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، «يەرلىك» ئىندىئانلار، يىنوتلار. ئىندىئانلار

بۇ زېمىننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھالىسى. گەرچە مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار «بىرىنچى مىللەت» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ناھايىتى چېچىلاڭغۇ بولۇپ، 58 خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ. پەرقلىق مەدەنىيەتلەرگە ئىگىلەردىن يۈز نەچچە قەبىلە بار. يەنە كېلىپ ئۇ ئىندىئانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نوپۇسى جەمئىي 200 مىڭ بولۇپ، مەيلى مۇتلەق نوپۇستا ياكى نىسپىي نوپۇستا، بولسۇن ناھايىتى ئاز. كانادا سىياسىي ھاياتىدىكى تەسىرى تولىمۇ چەكلىك. ئىككىنچىدىن، بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە سودىگەرلىرىدىن ئىبارەت ئاتالمىش «دۆلەت قۇرغۇچى مىللەتلەر». فرانسىيە سودىگەرلىرى نوپۇسى ئەنگلىيە نوپۇسىدىن كۆپ ئاز، ئەمما يەنىلا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ $\frac{1}{4}$ نى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداقلا كوبېك ئۆلكىسىگە مەركەزلەشكەن. شۇڭا فرانسۇز تىلى مەدەنىيىتى بىلەن پەخىرلىنىدىغان كوبېك بۆلگۈنچىلىرى بۈگۈنكى كانادانىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى قول تۇتىدىغان زور مەسىلە بولۇپ قالدى.

كوبېك كانادانىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئاھالىسى يىئۇتلار، ئىندىئانلار، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ يەرگە كىرىپ مۇستەمچىلىكچى —— يېڭى فرانسىيە قۇرغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فرانسىيە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ كوبېكنى ئەنگلىيىگە كېسىپ بەرگەن. ئەنگلىيە بۇ مۇستەملىكىنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ ۋە ئىنگلىزلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزگەن، يەنى سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ ئىقتىسادىي تومۇرلارنى ئىدارە قىلىپ، ئىنگلىز تىلى مەدەنىيىتىنى مەجبۇرىي قانات

يايدۇرغان. ئىنگلىز تىلىنى بىردىنبىر ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ، يېڭى فرانسىيە خەلقىنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا قاتتىق ئازار بەرگەن. كوبېك ئۆلكىسىدىكى مىللەتچىلىك شۇنىڭ بىلەن پەيدا بولدى. كوبېك مىللەتچىلىرى ئۆز تىلىدا چىڭ تۇرۇشنى مۇقەددەس تارىخىي بۇرۇچ قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دەسلەپ مەدەنىيەت مىللەتچىلىكى سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىققان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كوبېكنىڭ سانائەتلىشىشى ۋە شەھەرلىشىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئەۋلاد فرانسۇز ئەھلى ئىلىم «سەر خىللىرى» ئۆسۈپ يېتىلدى. كوبېك مىللەتچىلىكى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار فرانسۇز تىلىنىڭ نوپۇزىنى مۇستەھكەملەش بىلەن كوبېك مەدەنىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئاتالمىش «فرانسۇز تىلىنىڭ قايتۇرما زەربىسى»نى قانات يايدۇردى. 1962 - يىلى كوبېك ھۆكۈمىتى كوبېكنى فرانسۇزلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، ئېنىق قىلىپ: «تەدبىر قوللىنىپ فرانسۇز تىلىنىڭ سودا - سانائەت تارماقلىرى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىملىقى»نى تەۋسىيە قىلدى. 1976 - يىلى كوبېكلىقلار پارتىيىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىنكى ئۆلكە ھۆكۈمىتى «101 قانۇن لايىھىسى» (فرانسۇز تىلى ئاساسىي قانۇن ماددىسى)نى تۈزۈپ ۋە ماقۇللاپ، فرانسۇز تىلى كوبېك ئۆلكىسىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمەت تىلى دەپ بەلگىلىدى. «فرانسۇز تىلى ئاساسىي قانون»نىڭ ئاتىسى دەپ ئىززەتلىنىدىغان كامىل لوھا «فرانسۇز تىلى ئاساسىي قانونى»نى يۈرگۈزۈشنىڭ دەسلەپكى مەقسىتى كوبېكلارغا كونكرېت تەدبىر بەخش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى بايان ئېتىشكە ئىشلىتىشتە قوللىنىپ ئۇلارنىڭ ھەممىلا يەردە ئىززەتكە ئېرىشەلەيدىغان ئادالەتسىز

مۇئامىلە ۋە خورلىنىشقا ئەمدى ئۇچرىماسلىقتۇر. شۇڭا چوقۇم فرانسۇز مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز نۇرلاندۇرۇش لازىم» دەيدۇ.

كوبېك مەسىلىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن كانادا ھۆكۈمىتى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئىنچىكىلىك بىلەن سىياسىي تەڭشەش ئېلىپ باردى. كوبېك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىلود ھۆكۈمىتى «كانادا ھۆكۈمەت تىلى قانۇنى» نى ماقۇللاپ، فرانسۇز تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىنى ئوخشاشلا كانادالىقلارنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ بېكىتتى ھەم «قوش تىل قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتىزم» نى قانات يايدۇردى. دەسلەپتە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتىزم ئاساسلىقى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بەردى. كېيىن ئىنگلىزچىلار، فرانسۇزچىلار ۋە «يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كانادالىقلارغا قارىتىلغان سىياسەت بولۇپ تەرەققىي قىلدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيىنى ئەمەس، بىر گەۋدىلىكنى قوۋۋەتلىدى. ئوبرازلىق تەمسىل قىلغاندەك، كانادا چوڭ بىر گۈلزارلىق، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردىكى كۆچمەنلەر گويا بىر - بىرىدىن چىرايلىق گۈل، ئۇلار كانادادىن ئىبارەت بۇ زور گۈلزارلىققا تىكىلگەن. بۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان گۈللەر ھەرگىز بىر گۈلزارلىقتا، بىر تۇپراقتا بولغانلىق بىلەن ئۆز خىلىنى ئۆزگەرتىپ، بىر خىلدا ئېچىلىدىغان بولۇپ قالمايدۇ. ئەكسىچە ئوخشىمىغان گۈللەر يەنىلا ئەسلىدىكى خىل ۋە پۇراقلىرىدا كانادا گۈلزارىدا پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

بىراق، «قوش تىل قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتىزم» كوبېك مىللەتچىلىكىنىڭ يامانلاپ كېتىشىنى پەقەت ئۇنۇملۇك توسۇپ قالالمىدى. كوبېك مىللەتچىلىكى «بىز كۈچ چىقىرىۋاتقان ئىش تىل نوقتىسىدىن قول تىقىپ،

مىللىتىمىزنى باش كۆتۈرگۈزىدۇ» دەپ جاكارلىدى.

ئۇ ناھايىتى تېزلا مەدەنىيەت مىللەتچىلىكىدىن رادىكال مىللىي بۆلگۈنچىلىككە يۈزلەندى. 60 - يىللارنىڭ ئالدىدىلا كوبېك مىللەتچىلىرى «كوبېك كانادا فرانسۇز مىللىي سىياسىتىنىڭ ئېپادىسى كانادادىكى فرانسۇز تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن كوبېك ئانا زېمىنلىك رول ئوينايدۇ،» دەپ جاكارلىدى. 1967 - يىلى ئىلوۋېك كوبېكنىڭ كانادا فېدېراتسىيىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشنى، ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا كانادا بىلەن بىر گەۋدىدە تۇرۇش بىر يول، بىر بازىدا تۇرۇشتەك «ئىككى دۆلەت بىر تۈزۈم» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دەل شۇ يىلى فرانسىيە زۇڭتۇڭى دېگۇل كانادانى زىيارەت قىلىپ مونترېئال شەھىرىنىڭ ھۆكۈمەت زالىدا «ئەركىن كوبېك ياشىسۇن» نامىدا نۇتۇق سۆزلەپ، كوبېك مىللەتچىلىرىنىڭ سىياسىيلىشىش يۈزلىنىشىگە زور ئىلھام بەردى. 1970 - يىلى تېررورلۇق تەشكىلات «كوبېك ئازادلىق فرونتى» پارتلاش ھادىسىسى پىلانلىدى ھەم ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ئەمەلدارىنى باغلاپ ئېلىپ كوبېك ئۆلكىسىنىڭ بىر مىنىستىرىنى ئۆلتۈردى. كانادا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى بۇنىڭلىق بىلەن ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جىددىيلىك قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ باستۇردى. 1979 - يىلى كوبېك ئۆلكىسى ئۆلكە ھۆكۈمىتى كانادا فېدېراتسىيىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش —— ئىتتىپاق قۇرۇش تەۋسىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1980 - يىلى مۇشۇ تەۋسىيە تۈپەيلى پۈتۈن خەلق بېلەت تاشلىدى. ئېپادە بىلدۈرۈش نەتىجىسى 64% قارشى بېلەت تۈپەيلى كوبېكلىقلار پارتىيىسى بۆلۈنۈش تەۋسىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى بولدى. ئەمما 15 يىلدىن كېيىن يەنى 1995 - يىلى كوبېك ئۆلكىسىدە يەنە بىر قېتىم پۇقرالار بېلەت تاشلىشىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇستەقىللىق تەلىپى

پەقەت بىر پىرسەنت تۆپەيلى مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئىلھاملاندى. ئۆز دۆلىتىمىزگە ھامىنى ئېرىشىمىزكى، يەنە بۇنىڭ ئۈچۈن 15 يىل ساقلاپ كەتمەيمىز، دەپ قەسەم ئىچتى.

كوبىك مىللىي بۆلگۈنچىلىرى تىل مەدەنىيىتىدە قول سېلىپ، كوبىكنىڭ «خاس مەدەنىيەت» بار، ئۆزگە بىر جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. گەرچە بۇ يەردىكى فرانسۇز مەدەنىيىتى بىسىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇنىڭلىق بىلەن ئالاھىدە ھوقۇق تەلەپ قىلىش ئىچى تارلىق بولىدۇ. ماھىيەتتە «زور كۆلەملىك مەنپەئەتپەرەسلىكتۇر» شۇڭا بىرىنچىدىن، فرانسۇز مەدەنىيىتى قانچە ئۆزگىچە بولۇپ كەتسىمۇ ئۇ بەرىبىر نېمىلا قىلغان بىلەن بۇ يەردىكى ئىندىئان يەرلىك مەدەنىيىتىدەك ئۆزگىچە ئەمەس. ئۇچرىغان بىسىممۇ ئىندىئان مەدەنىيىتىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئانگىل مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرۇش جەريانىدا رادىكال پانفۇزماسچىلىق قايىنىمىغا كىرىپ كەتكەن. «101 قانۇن لايىھىسى» نى ئىجرا قىلغۇچىنىڭ روھى ئىنگلىز تىلىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئۇمۇمیۈزلۈك چىقىرىۋەتمەكچى، چەكلىمەكچى بولدى. بۇ ئىنگلىز ئاھالىلىرىگە ئازار بېرىپلا قالماستىن يەنە باشقا مىللىي گۇرۇھلارغىمۇ ئازار بەردى. بۇ مىللەتلەر بۇرۇن ئىنگلىز تىلىنى بىرمۇنچە جاپالار بىلەن ئۆگەنگەن بولۇپ، ئەمدى يەنە بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىمەن دەپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. مونتورىئالدىكى ئىسكىموسلار پەقەت فرانسۇز تىلىنى قوللىنىدىغان ئۆلكە مەكتەپلىرىنى تاقىدى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆلكە شەھەرلىرىگە قايتۇردى. ئۆلكە ھۆكۈمىتى بۇ ئىش ئۈچۈن تولۇق قوراللانغان ساقچىلارنى ئايروپىلان بىلەن

ئۇ يەرگە ئەۋەتكەندىن كېيىن يەرلىكلەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈۋېتىپ ساقچىلارنى ھەيدىۋەتتى. مەزكۇر جاينىڭ بىر باياناتچىسى «ناۋادا كوبېك كانادادىن بۆلۈنسە ئۇنداقتا بىز مەزكۇر ئۆلكىنىڭ شىمالىنى كوبېكتىن بۆلۈۋالىمىز» دەپ جاكارلىدى.

غەربىدە ساقلىنىپ قالغان يىنخوك ئىندىئانلىرىنىڭ ئاقساقىلى «بىز كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ زورۇر تېپىلغاندا ساقچى ئەۋەتىپ، بىزنى قوغداپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. بىز كانادالىق، كوبېكلىق ئەمەس» دەپ جاكارلىدى. «101 قانۇن لايىھىسى» نىڭ مائارىپ ماددىسى باشقا كۆچمەن گۇرۇھلاردىمۇ كەڭ قارشىلىقنى قوزغىدى، ئۇلار: «بالىلىرىمىز ھەممىلا يەردە ئىنگلىزچە قوللىنىدىغان شىمالىي ئامېرىكىدا فرانسۇزچە ئۆگىنىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە كوبېك بۆلگۈنچىلىرى ئاساسلىقى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تۈرلۈك ئاپپاراتلارنىڭ كۆپىيىشى كەسپىي تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىدى. نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، سودىگەرلەر، كارخانىچىلار، ئادۋوكاتلار ئىلمىي خادىملارنىڭ بۇ ئىشقا بولغان پوزىتسىيىسى ناھايىتى سوغۇق ھەتتا قارشى تۇرۇش ئىدى. چۈنكى، بىرلىككە كەلگەن كانادا ئىقتىساد ۋە ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا پايدىلىق، شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىگىمۇ پايدىلىق ئىدى. يەنە كانادا سىياسىي ۋەزىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامېرىكىمۇ كوبېكنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىمايتتى. چۈنكى، بىرلىككە كەلگەن ۋە تىنچ كانادا ئامېرىكىغا پايدىلىق ئىدى. ناۋادا كوبېك مۇستەقىل بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىسە ئۇنداقتا، ئىقتىساد ئاپەتكە يۈزلىنەتتى. بۇمۇ كوبېكتىكى چوڭ

كارخانچىلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى بىردەك قوللىماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

ئەمما 1995 ـ يىلى كوبېكتىكى پۇقرالارنىڭ بېلەت تاشلىشى كۆرسەتتىكى، كوبېكتىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك 90 ـ يىللاردىكى مىللەتچىلىكنىڭ سىياسىيلىشىش ئېقىمىدىن ئىبارەت چوڭ مۇھىتتا كۈچىيىپ كانادا سىياسىي ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالغان، ناۋادا كوبېك مىللەتچىلىرىنىڭ تەلىپى پەقەت تىل باراۋەرلىكى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تېخىمۇ ھۆكۈمەتنى كۈچ چىقارغان «قوش تىل قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ قۇتۇپلۇق مەدەنىيەتىزىم» قائىدە بويىچە قوبۇل قىلىنىشى، قارشى ئېلىنىشى لازىم ئىدى. بىراق كوبېك مىللەتچىلىرى نىيىتىنى تېخىمۇ بۇزۇپ، مەجبۇرىي ھالدا باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان «101 قانۇن لايىھىسى»نى يۈرگۈزدى ھەم ناھايىتى تېزلا تىل كۈرىشىدىن سىياسىي كۈرەشكە ئۆتتى. بۇ يۈكسەك سىياسىيلاشقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى پەقەت مەدەنىيەت سىياسىتى تەڭشەش بىلەنلا تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

كانادادىكى مىللىي كۆپ خىللىق خۇددى كانادا سىياسىيونلىرى «كانادا دۆلىتى تاللىغان فېدېراتسىيە تۈزۈمى سىياسىي مەۋجۇتلۇق سىياسىدۇر» دېگەندەك، فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى تاللاشنى بەلگىلىدى. 20 يىلغا يېقىن تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى شۇنداق بولدىكى، ھەرقايسى ئۆلكىلەر فېدېراتسىيە تۈزۈمى بىلەن قوغدىغان ئۆزگىچە مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ قۇرۇلدى. ئەمما، تەنقىدچىلەر «كوبېكتىن باشقا مەدەنىيەت جەھەتتە نېمە پەرق بار»، «كۆپ قۇتۇپلۇق مەدەنىيەتىزىم سىياسىتى فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوبېك مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرى شۇنىڭ

بىلەن بىرگە قوش تىل سىياسىتى كوبېكنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا بولغان تەلىپىنى بېسىۋاتىدۇ» دەپ ئېيتىدۇ. تېلىدومۇ ئېتىراپ قىلغانكى: «فېدېراتسىيە تۈزۈمى سىياسىي ئۈچۈن ناھايىتى ئەقلىي مەھسۇلات، بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ روشەن بولماقتا. ئۇ ئەمەلىي سىياسىيونلار رېئاللىق بولۇپمۇ دۇنيادا ھەر خىل، ھەر تۈردىكى ئىنسان گۇرۇھلىرىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئۈچۈن چىقارغان قارارلىرىدا روياپقا چىققان. گەرچە بۇ تارىخ تاسادىپىي بىر يەرگە ئەكىلىپ قويغان تۈرلۈك مەنپەئەتتىكى گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ئەقلىي بىتىم تەجرىبىسىدىن تېپىلسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنسان ئىرادىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان كېلىشىمنى تەگ قىلىدۇ» شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېلىدومۇ قەتئىي ھالدا: «مىللەتچىلىك ئىنسانىيەت مەرىپىتى تەرەققىياتىنى ئارقىغا تارتىدىغان ئۇقۇم، دۆلەت بىلەن مىللەت بىر بولۇپ كېتىش شەرت ئەمەس» دەيدۇ. ئۇنىڭ تەكىتلەيدىغىنى «ھەرقانداق ئۆلكە ھۆكۈمىتى ئۆز ئۆلكىسى دائىرىسىدە مىللىي دۆلەت پىلتىسىنى ۋە باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان ئالاھىدە مىللىي مەنپەئىتىنىڭ قانۇن تەدبىرلىرىنى قۇۋۋەتلەشكە بولمايدىغانلىقى» ئەمما ئالىملار «كانادادا مىللىي مەدەنىيەت ۋە يەرلىك مەدەنىيەتلەر بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كانادانى پارچىلاش رولىنى ئۆتەيدۇ. كوبېكتا ئىككى خىل مەدەنىيەت ئاساسىي جەھەتتىن قاتلىنىپ كەتكەن» دەيدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «كۆپ مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندە، ناھايىتى ئاسانلا دۆلەتنى پارچىلاشنى مەقسەت قىلغان بۆلگۈنچىلىك پەيدا بولىدۇ» دەيدۇ. ئەلۋەتتە گەپ توغرىمۇ - خاتا ياكى ھەممە يەرگە باب كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بۇ تېخى ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىپ بېقىشقا موھتاج.

بۇنىڭدىن باشقا كوبېك مەسىلىسىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ يەردە مىللەتچىلىك، مىللىي

بۆلگۈنچىلىكنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، ئەۋج ئېلىشى، سانائەتلىشىش، شەھەرلىشىش مەزگىلىدە بولدى. بۇ يېرى ئادەتتە داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ھېلىقى نامراتلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىللەتچىلىكتىن خېلى زور پەرقلىنىدۇ. 20 يىلنىڭ ئالدىدىلا كوبېكنىڭ غەيرىي رەسمىي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى «كوبېكنىڭ يەر كۆلىمى گېرمانىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە، نوپۇسى شۋېتسىيە نوپۇسىغا توغرا كېلىدۇ، بايلىقى پۈتكۈل غەربىي ياۋروپانىڭكىدىنمۇ مول»، «بىزدە ئېچىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان تۆمۈر كان، ياغاچ ۋە تاش پاختا بار، بىز دۇنيادىكى ئەڭ زور ئېنېرگىيە دۆلىتىنىڭ بىرى» دەپ جاكارلىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ كوبېكنىڭ جامىس قولتۇقىدا قىممىتى 350 مىليارد مارك، سىغىمى 120 مىليون كىلوۋات كېلىدىغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. شۇڭا «كوبېك مۇنچىۋالا توكنى ئىشلىتىپ بولالمايدۇ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى نيۇيورىكقا ئۇزىتىلىدۇ، ئامېرىكىلىقلار چوقۇم ئۇنىڭغا تايىنىدۇ» دېيىلگەن. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە نامراتلىقلا باھانە بولۇپلا قالماي، بەلكى باياشاتلىقنىڭمۇ باھانە بولالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. يەنە كېلىپ بۇ ئايرىم بىر ئەھۋال ئەمەس، باشتا دېيىلىپ ئۆتۈلگەن ئىسپانىيە باسكلىرى، سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى سىلوۋېنىيىلەر، كرودىيىلىكلەر ۋە بىلگىيىدىكى فولامانلار ھەم ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى «پاتانىيە» لىكلەرنىڭ مۇستەقىللىقىدا بىردەك مۇشۇنداق ئامىل بار. كوبېك مىللىي بۆلگۈنچىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنى پەقەت تىل مەدەنىيىتى مەسىلىسى دەپ قاراش ھەقىقەتەنمۇ تونۇشتىكى خاتالىقتۇر. بۇنىڭدا مۇنداق دېيىشكە بولامدىكىن: بۈگۈنكى ھەر رەڭ، ھەر شەكىلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك بەلكىم تىل، مەدەنىيەت، دىن، ئىقتىسادنى دەسمايە قىلىشى مۇمكىن. بىراق

تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يۇكسەك سىياسىيلاشقان، تار، بېكىنمە، يات كۆرىدىغان زور كۆلەملىك مىللىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئاستىرتىن ھىيلە ئىشلىتىدۇ.

دېمەك، زامانىمىزدىكى مىللىي توقۇنۇشلاردىكى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇۋاتقان ئاتالمىش مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىككى ئالاھىدىلىكى بار.

1. مىللەتچىلىكنى سىياسىيلاشتۇرۇش يۈزلىنىشى بولۇپمۇ رادىكال مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىگە يۈزلىنىش خەلقئارا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، بەلكى دائىم يەنە بەختسىز پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە خەۋپ بولۇپ، بارغانسېرى خەقنىڭ نەزىرىدىن قېلىپ ئەمدى پەدىسىنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

2. بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ رىقابىتىگە نىسبەتەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئېغىر قوراللىق ئارمىيە ئارقىلىق باستۇرۇش بىلەن بىر ئىش بولسىمۇ، بۇنى بىر باشقا ئاچىقالمىدى. سىياسىينى تەڭشەش زۆرۈر بولىدۇكى، نەتىجىسى مەيلى قانداق بولمىسۇن، ھامان ئادەمنى ھاياجانغا سېلىپ كەلدى.

بارلىق مەسىلىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن ئىككى چاتاق بارلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

1. «مۇستەقىللىق» قا شەيدا مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆتۈرۈۋالغىنى «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» دەستىكى.

2. بىر قىسىم كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر ھۆكۈمىتى بىر مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش نىيىتىدىكى كۆتۈرۈۋالغىنى «مىللىي دۆلەت» دەستىكى.

قىزىقى شۇكى، يۇقىرىدىكى ئىككى جەھەتتىكى ئىجرا

قىلىش توغرا - خاتالىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان نەزەرىيە —— Nation دۆلىتى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى مىللىي سىياسەت بىلەن يەرلىك سىياسەتنى بىرلەشتۈرگەن «ئاپتونومىيە تۈزۈمى» بىلەن، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ «قوش تىل قۇرۇلمىسىدىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتىزم تەجرىبىسى مەيلى ئاز، ياكى كۆپ بولسۇن»، «دۆلەت بىلەن مىللەت بىر گەۋدە بولۇش» نەزەرىيىسىنىڭ ئىنكارى. مۇشۇ نوقتىدىن قارىغاندا، بۇ چوقۇم پايدىلىق بىر تەجرىبە.

# ئافرىقا: مىللەتنى پۈتۈنلىگۈچىلەرنىڭ ۋىسال تاپالمايۋاتقان ئارزۇسى

ئافرىقا مىللەتلەر كۆپ قۇرۇقلۇق ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى چوڭ - كىچىك بولۇپ 500 دىن ئارتۇق. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شىمالدىكى ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر ئومۇمىي ئېتىراپ قىلغان دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي، مەدەنىيەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان مىللىي تەركىبلەرنىڭ بىرى. ئەمما، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى قارا ئافرىقا رايونلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىغىچە يەنىلا قوۋم ۋە قەبىلىدىن مىللەتكە ئۆتكۈلۈۋاتقان باسقۇچتا تۇرغانىدى. ئەمما 19 - ئەسىردىن بۇيان ياۋروپادىكى ھەرقايسى مۇستەملىكىچى مۇشتۇمزورلارنىڭ ئافرىقىغا كىرىشى ۋە ئافرىقىنى بۆلۈشۈش مىللىي ئېڭى ۋە دۆلەت ئۇقۇمى تېخى پەيدا بولمىغان نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ كاللىسىغا ھازىرقى زاماننىڭ مىللىي دۆلەت ئىسكىلىتىنى كىيگۈزۈپ قويدى. بۇ جەريان پۈتۈنلەي مۇستەملىكىچى مۇشتۇمزورلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئەمەلىي كۈچ ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ پىكرى ۋە مەنپەئىتى پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قالدۇرۇلدى. شۇڭا ئوخشاش قوۋم، قەبىلە ۋە مىللەت سۈنئىي ھالدا گېئومېتىرىيىلىك تۈز سىزىقلار بىلەن بۆلۈنگەن چېگرالار ئارقىلىق ئوخشىمىغان دۆلەتكە ئايرىپ قويۇلدى. مىللىي ئاڭنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئويغىنىشى ۋە جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە بولغان

قارشىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى بىلەن يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا خىلاپ سۈنئىي ھالدا دۆلەت قىلىپ قويۇلغان نامۇۋاپىق بۇ قىلىق ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئافرىقىدىكى ھەرقايسى مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى زور دولقۇنمۇ بىرقاتار دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى. جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش جەريانىدا كىشىلەر بىردەك ھەرقايسى مۇستەملىكىچى مۇشتۇمزورلار سۈنئىي ھالدا چېگرا بېكىتىپ ئوخشاش بىر مىللەتنى ئايرىۋېتىش چوقۇم تۈزىتىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. يەنى ئوخشاش بىر مىللەت، قوۋم چوقۇم بىرلىكتە بىر دۆلەت بولۇشى لازىم دەيتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئافرىقىدىكى سىياسىي داھىيلار مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى باشلىغاندىلا، ياۋروپانىڭ «بىر مىللەت، بىر دۆلەت» دەيدىغان مىللىي دۆلەت ئۇقۇمىنى قوللاندى. ئەمما غايە ھەرگىز رېئاللىققا تەڭ ئەمەس، ئافرىقا ھەرقايسى مۇستەملىكىچى مۇشتۇمزورلارنى قوغلاپ زور كۆپچىلىك دۆلەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن، بۇ غايە ئەمەلگە ئاشتىمۇ؟

## ئافرىقىدىكى چېگرا ماجىرالىرى

مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى، سابىق مېتروپولىيە دۆلەتلىرى ئۇلارغا بېكىتىپ بەرگەن دۆلەت چېگراسى ئىچىدە ياشىدى، ئوخشىمايدىغان يېرى،

پەقەت دۆلەتكە شۇ يەرلىكلەرنىڭ ئۆزى خوجايىن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ھەرقايسى ئەل رەھبەرلىرى ۋە خەلقىنىڭ دەسلەپكى بۇرچى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىللىقتىن بۇرۇنقى مۇستەملىكىچىلەر بېكىتكەن چېگرىنى بىكار قىلىش، مىللىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەيدىغان دەبدەبىلىك شوئارلار ھېچقانداق نېمىگە قارىماي ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان رېئالىزمغا يول بەردى. قولىدىكى زېمىنىنى قوشنىسىغا بېرىشنى ھېچكىم خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز خەلقىنىڭ بىرلىككە كۆچىگەن دۆلەتلەرمۇ تارىختىكى ئادىلسىزلىقنى تۈزىتىش كويىدا قالدى. شۇنداق قىلىپ مىللىي مەسىلە سەۋەبلىك پەيدا بولغان چېگرا ماجىرالىرى دەل مۇستەقىل بولغان ئاشۇ ئافرىقا دۆلەتلىرى ئارىسىغا ماكانلاشتى.

## گانا بىلەن توگونىڭ ماجىراسى

گانا ۋە توگو بىردەك كىنىيە قولتۇقىدىكى كىچىك غەربىي ئافرىقا دۆلەتلىرى، ئەمما ئىككى دۆلەتنىڭ تارىخى ئازراق پەرقلىنىدۇ. گانا 1897 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ كەلگەن. ئەمما 1884 ـ يىلىلا گېرمانىيىگە مۇستەملىكە بولغان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن توگونىڭ شەرقىي، غەربىي ئىككى قىسىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فرانسىيە، ئەنگلىيىنىڭ «ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق رايونى» بولغان، 1922 ـ يىلى خەلقارا ئىتتىپاق توگونىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى دۆلەتنىڭ «ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش رايونى» ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغان. گانا 3 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئىتتىپاقى ئىچىدە مۇستەقىللىق جاكارلىدى. 1960 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گانا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. يېڭى

گانا جۇمھۇرىيىتى ئەنگلىيىنىڭ «ۋاكالىتەن ئىدارىلىكى» بولمىش غەربىي رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئەمما جەنۇبتىكى توگو ئاھالىسى گانا بىلەن بىر دۆلەتتە بولۇشنى رەت قىلغاچقا، پەقەت شىمالىي رايونلارلا گاناغا قېتىلدى. ئىككى دۆلەت مۇشۇنداق تارىخىي مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، ئىككىلا دۆلەتتە بار ئاساسلىق مىللەت ئېۋېلار چېگرا ھالقىغان مىللەت بولۇپ قالدى. 1959 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ ۋاكالىتەن ئىدارىلىكىدە بولۇۋاتقان توگونىڭ شەرقىي قىسمى مۇستەقىل بولغۇلۇۋاتقاندا، ئەينى چاغدىكى گانا زۇڭتوڭى ئىنكلۇما پەيتنى قولدىن بەرمەي: «ۋولتا رايونىدىكى 200 مىڭ ئاھالە ئېۋېلار كەلگۈسىدىكى توگو جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 مىليون 100 مىڭ ئاھالىسىنىڭ 700 مىڭىمۇ ئېۋېلاردۇر» دەپ كۆرسەتتى. ئىنكلۇمانىڭ نىيىتى چېگرا ھالقىغان مىللەتنى باھانە قىلىپ چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئىدى. ئۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ توگو رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، توگو مۇستەقىللىقتىن كېيىن ئىككى دۆلەتنى قوشۇۋېتىشكە قۇلايلىق ئىزدىدى.

ئەمما بۇ ئىنكلۇمادىكى بىر ئارزۇلا ئىدى. شۇ چاغدىكى توگو زۇڭلىسى شىرۋالىس ئولىمپيۇ كېسىپلا «توگو خەلقى گانا بىلەن بىر دۆلەت بولۇپ قېلىشقا مەڭگۈ قوشۇلمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز يامانلىشىپ باردى. گانا توگو سىياھەتچىلىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىگە تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى قويدى، شۇنداقلا شىددەتلىك چېگرا تاقاپ توگونىڭ تاشقى سودىسىغا زىيان يەتكۈزدى.

1966 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىنكلۇما تەختتىن چۈشۈپ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئاندىن ياخشىلاندى. 1966 ـ يىلى 4 ـ

ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گانا بىلەن توگو سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويىدى. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىشىدىغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويىدى. گانانىڭ يېڭى رەھبەرلىرىمۇ چېگرا ھالقىيدىغان مىللىي مەسىلىگە تېخىمۇ ئەمەلىي نەزەردە قاراپ، ئۆز دۆلىتىدىكى ئېۋې مىللىتىنىڭ مىللەتچىلىك كەيپى ۋە پائالىيەتلىرىنى بېسىش تەدبىرىدە بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە كاشىلا پەيدا بولۇشتىن ساقلاندى.

گانا بىلەن توگودىكى چېگرا ھالقىيدىغان مىللەت تۈپەيلى كۆتۈرۈلگەن چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش تەلىپى ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇستەملىكىچىلىكتىن كېيىن بىسمىللاسىدىلا يولۇقتۇرىدىغان چېگرا ماجىراسى بولۇپ، ئاقىۋەتتە ھازىرقى ھالەتنى ساقلىغۇچىلار ئۈستۈنلۈكتە بولدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاتالمىش مۇستەملىكىچىلەر سىزغان چېگرىنى بىكار قىلىش ئويى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

### كامېرون بىلەن نىگېرىيىنىڭ ماجىراسى

كامېروننىڭ تارىخىي كەچۈرمىشى توگوغا ئوخشىشىدۇ. 1884 ـ يىلى گېرمانىيە مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، 1902 ـ يىلى پۈتۈن زېمىنىنى ئىگىلىگەن. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، شەرقىي قىسىم فرانسىيىنىڭ «ۋاكالىتەن ئىدارىلىكى» گە، غەربىي قىسمى ئەنگلىيىنىڭ «ۋاكالىتەن ئىدارىلىكى» گە ئايلاندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىردەك «ۋاكالىتەن باشقۇرۇش رايونى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى فرانسىيە ۋاكالىتەن ئىدارە قىلىش رايونى مۇستەقىللىق ئېلىپ كامېرون جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئەنگلىيە

ۋاكالىتەن باشقۇرۇش رايونى 1961 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ ، 12 ـ كۈنى 14 ـ نۆۋەتلىك ب د ت يىغىنى قارار ماقۇللاپ ئەنگلىيە ۋاكالەتچىلىك قىلىۋاتقان غەربىي رايوننىڭ جەنۇبىي شىمالىدىكى ئىككى كامېرون خەلقى ئارىسىدا پۇقرالارغا ھۆكۈم قىلدۇرۇپ ۋاكالىتەن ئىدارىلەش تۈزۈمىنىڭ ئىككى خىل شەكلىگە خاتىمە بېرىشنى تاللاتقۇزدى. يەنى نىگېرىيە فېدېراتسىيىسىگە قوشۇلۇپ كېتىشنى ياكى كامېرونغا قوشۇلۇپ كېتىشنى تاللاتتى. شىمالىدىكى ئاھالىلەر نىگېرىيە فېدېراتسىيىسىنى ئۆز ۋەتىنى ھېسابلىدى.

ئەمما كامېرون جۇمھۇرىيىتى ئەكسىچە بۇنىڭغا قارشى چىقتى. 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كامېرون ھۆكۈمىتى شىمالدىكى بېلەت تاشلاشتا ساختىلىق بار دېگەننى باھانە قىلىپ، ب د ت مەجلىسىدىن بۇ رايوندىكى ئاتالمىش ئاۋام ھۆكۈمىتىنىڭ نەتىجىسىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ب د ت بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ب د ت ئەنگلىيە ۋاكالىتەن ئىگىدارلىقىدىكى كامېروندىكى ئومۇمىي خەلق ھۆكۈمىنىڭ نەتىجىسىنى ئەستىقلىدى. شۇنداقلا ۋاكالىتەن ئىدارىلەش تۈزۈمىنىڭ مۇددىتىنى بېكىتتى. كامېرون ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قاتتىق نارازى بولدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چارس، ئوكىلا ئەنگلىيە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا تايىنىپ شىمالىي كامېروننى نىگېرىيىگە قوشۇۋەتتى، دەپ ئەيىبلىدى. شۇنداقلا بايانات ئېلان قىلىپ: «كامېرون خەلقى بيۇروكراتلىق بىلەن ئايرىۋېتىلدى، ئۇلارنىڭ پىكرىمۇ نەزەرگە ئېلىنمىدى» دېدى.

نارازىلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كامېرون ھۆكۈمىتى يەنە خەلقئارا سوتقا ئەرز سۇنۇپ ئادىللىق تىلىدى، ئەمما خەلقئارا سوت 1963 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى ھۆكمىدە

كامېروننىڭ ئەرزى قوبۇل قىلىنمايدۇ ھەمدە ماھىيەتلىك كېسىم قىلىش رەت قىلىنىدۇ، دەپ جاكارلىدى.

كامېرون ب د ت ۋە خەلقئارا سوتنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىشكە بىردەك ئامالسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك نىگېرىيىگە ئەمەلىي كۈچ كۆرسىتىدىغانغا قۇدرىتى تېخىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ب د ت نىڭ قارارى ئىناۋەتلىك بولۇشى بىلەنلا كامېرون ئۆز ئارزۇسىنى يىغىشتۇرۇۋالمىسا بولمىدى.

### سومالى —— كىنىيە ماجىراسى

سومالى جۇمھۇرىيىتى ئافرىقىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، دۆلەتتىكى ئاساسلىق مىللەت سومالىلار. سومالىلار سومالى جۇمھۇرىيىتىدىن باشقا يەنە ئېفىئوپىيە، كىنىيە، جىبۇتى دېگەندەك دۆلەتلەرگە تارالغان، شۇنىڭلىق بىلەن سومالىلار ئافرىقا قولتۇقىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ چېگرا ھالقىغان مىللەت بولۇپ قالغان. بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرا سىزىقى ئەزەلدىن مۇستەقىل ئېفىئوپىيىنىڭ چېگرىسى ئەنگلىيە، ئىتالىيە بىتىمگە كېلىپ بەلگىلەنگەندىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇستەملىكىچى مۇشتۇمزورلارنىڭ بىر - بىرىگە بۆك كىيگۈزۈشى بىلەن بەلگىلەنگەن. چېگرىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى مەنپەئەت بولۇپ، ھەرگىز مىللەت ئەمەس. شۇڭا سومالىلىقلارنىڭ تۇرلۇك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشى ئوتتۇرىغا چىققان. يۇقىرىقى ئەھۋال سومالى مىللىي بىرلىكسىزمچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى ئاساسلىق ئارقا كۆرۈنۈش.

1960 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋە 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنگلىيىگە تەۋە سومالى ۋە ئىتالىيىگە تەۋە سومالى

ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ۋاكالىتەن ئىدارىلىكتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولدى. ئىككى تەرەپ 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قوشۇلۇپ، سومالى جۇمھۇرىيىتى بولۇپ مىللىي بىرلىك يولىدىكى مۇھىم بىر قەدەمنى ئالدى. ئەمما فرانسىيە تەۋەلىكىدە كىنىيە، ئېفىئوپىيىلەردە يەنە ناھايىتى نۇرغۇن سوماللىقلار بار ئىدى. جىبۇتى 1977 - يىلى ئاندىن مۇستەقىللىق ئالدى. شۇڭا سومالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ 60 - يىللاردىكى مىللىي بىرلىكىزم نىشانى ئاساسلىقى كىنىيە ۋە ئېفىئوپىيىگە قارىتىلدى.

سومالى بىلەن كىنىيە ئارىسىدىكى چېگرا ماجىراسى ئاساسلىقى كىنىيىنىڭ «شىمالىي چېگرا رايونلىرىدىكى» سوماللىقلارغا مۇناسىۋەتلىك سومالى ھۆكۈمىتى بۇ رايوندا سومالى قەبىلىلىرى كۆچۈپ يۈرىدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، ب د ت پروگراممىسىدىكى ئېتىراپ قىلىنغان ئۆزى قارار قىلىش ھوقۇقىغا تايىنىپ، «شىمالدىكى چېگرا رايونلار» غا زېمىن تەلىپى قويىدۇ. بۇ تەلەپ بۇ رايونلاردا ياشايدىغان سومالى مىللىي بۆلگۈنچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۇلار قەتئىي ھالدا سومالىغا قوشۇلۇپ بىر دۆلەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوماللىقلارنىڭ مىللىي بىرلىكىزم ھەرىكىتىدە ئۇلار ئاساسلىق رول ئويناپ كەلگەن.

ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، سومالى كىنىيىگە زېمىن تەلىپى قويغاندا، كىنىيە تېخى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىدىن تېخى قۇتۇلمىغانىدى. شۇڭا كىنىيە مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى كىنىيىگە ۋاكالىتەن سومالى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سوماللىقلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ۋە سىياسىتى ئەمەلىيەتتە سوماللىقلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى پەرۋىش قىلىش ۋە قوزغىتىشتىن ئىبارەت

بولدى. باشتا 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە شىمالدىكى چېگرا رايونلارنى ئىدارە قىلىدىغان سومالىلىقلارنىڭ مەمۇريي تۈزۈلمىسى كېنىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى تۈزۈلمە بىلەن پەرقلىق بولدى. بىرى يېرى چەت، يەنە بىرى يېرى تېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بۇ يەرگە كېلىپ تۇرلۇك چەكلىمىلەرنى بېكىتىشتەك تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن سومالىلىقلار جاھاندىن خەۋەرسىز قىلىپ، كېنىيىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قىلىشقا ئوڭايلىق بولمىدى. بۇ خىل خەۋەرسىزلىك ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بەزى ئامىللار بىرلىشىپ شىمالىي چېگرا رايونلاردىكى سومالىلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكىنى قوزغاتتى. ئاندىن 1946 ـ يىلى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى (نېستورەبېۋان) بارلىق سومالى زېمىنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر مىللەتلىك دۆلەت قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ پىكىر ئامېرىكا بىلەن سوۋېتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ يۈرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما سومالىلىقلارنىڭ بىرلىككە كېلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. 1960 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىمالىي رايونلاردا سومالىلىقلار پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، «شىمالىي ئۆلكىلەر خەلق مەجلىسى پارتىيىسى» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ تۈغ ئېڭى ئاساسىي جەھەتتىن مىللەتچىلىك بولۇپ، سومالىلىقلار رايونلىرىنى كېنىيىدىن ئايرىپ چىقىپ، «سومالى جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇش» تەكلىپىنى قويدى. 1961 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نايروبىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېنىيىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇننى تۈزۈش يىغىنىدا سومالى ۋەكىللىرى كېنىيىدىن ئايرىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، رەت قىلىندى. ئۇلار قېيىدىغىنىچە يىغىندىن چېكىندى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا سومالى جۇمھۇرىيىتى زۇڭلىسى كانادادا زىيارەتتە بولۇپ، چېگرانى ئىسلاھ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان گانا زۇڭتۇڭى ئىنكولوما بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى تەرەپ ئېلان قىلغان بىرلەشمە باياناتتا ئافرىقىنىڭ ئافتتلرىقىنىڭ مۇستەملىكە چېگرىلىرىنى ئۆزگەرتىش پرىنسىپى بىردەك قۇۋۋەتلەندى. ئىنكلوما ئافرىقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خېلى زور تەسىرگە ئىگە سىياسىيونى، شۇنداقلا يەنە ئافرىقا بىرلىكىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىلىرى. سومالى زۇڭلىسىنىڭ گانانى زىيارەت قىلىشى شەكسىزكى، ئىنكولومانىڭ سومالىلىقلارنىڭ بىرلىككە كېلىش پائالىيەتلىرىگە بولغان قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇلار بۇ مەقسەتكە يەتتى ھەم سومالى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىمۇ ئارتىپ قالدى. 1963 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سومالى ئەنگلىيە، كىنىيە شىمالدا ئۆلكە تەسىس قىلغاندا، مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قارار قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلدى، ئەنگلىيە «ئافرىقا بۇرجىكى» رايونىنى جىددىي، مۇقىمسىز ۋەزىيەتتە قويدى، دېگەن باھانە بىلەن ئەنگلىيە بىلەن بولغان تاشقى مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، شۇنداق قىلىپ سومالى بارا ـ بارا «شىمالىي چېگرا رايونى» دىكى سومالى بۆلگۈنچىلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوللىغۇچىلىقىدىن سەھنىدىكى باش قەھرىمانغا ئايلاندى.

1963 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەددىس ـ ئەبەبەدە ئېچىلغان ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا سومالى زۇڭتۇڭى بىرىنچى بولۇپ خەلقئارا ئورگانلار ئالدىدا «شىمالىي چېگرىدىكى رايونلار» مەسىلىسىنى بايان قىلىپ نۆۋەتتىكى چېگرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ بىلدى. كىنىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ ئەسكەرتمە شەكلىدە بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى. ئەسكەرتمە: قەبىلىنىڭ مەلۇم بىر رايوندا كۆچۈپ يۈرۈشى ئۇنىڭ

ئاشۇ زېمىننىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، دەپ كېلىپ، بۇنداق تەلەپ ناھايىتى خەتەرلىك قەبىلىۋازلىق، ئافرىقا بىرلىكى غايىسىگە قارمۇقارشى، دېدى. روشەن ھالدا شىمالدىكى چېگرا رايونلار كېنىيە زېمىنىنىڭ بىر بۆلىكى دەپ كۆرسەتتى. بۇ يەردىكى سومالىلىقلارنىڭ سومالى بىلەن بىرلىشىش ئارزۇسى ئەسكەرتمە بويىچە ئۇلار خالىسا چېگرىدىن ئۆتۈپ سومالى جۇمھۇرىيىتىگە بېرىپ، شۇ يەردە ياشىسا تامامەن بولىدۇ. ئەمما شىمالدىكى چېگرا رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى قارار قىلدۇرۇش دېگەن يوق گەپ، دەيدۇ.

كېنىيە مۇستەقىللىقىدىن بۇرۇن ماجىرانى ھەل قىلىشىۋېتىش ئۈچۈن 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سومالى جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئەنگلىيە رىمدا ئۇچرىشىپ سومالى بىلەن كېنىيە تالاش ـ تارتىشى ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۆھبەتلەشتى. لېكىن، ئىككى دۆلەتنىڭ مەيدانى تولىمۇ يىراق ئىدى. ئەنگلىيە «شىمالىي چېگرىدىكى رايونلار» مەسىلىسىدە ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ قارار قىلىشىنى رەت قىلاتتى. ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى كېنىيە مىنىستىرلىرى شىمالىي چېگرا رايونلىرى جەمئىيىتى ۋە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئورۇن بېرىش تەكلىپىدە بولۇپ، سومالى ھەرىكىتى ئىككى تەرەپ كېلىشىمىگە كېلەلمىگەندە ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىدىن ياردەم سوراشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ 1963 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى ئەددىس ـ ئەبەبە يىغىنىنىڭ بىر قاتار قارارلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما سومالى ۋەكىللىرىنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرايتتى.

رىم ئۇچرىشىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز يامانلاشتى. 1963 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما «شىمالدىكى چېگرا رايونلار» نىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى

جىددىيلەشتى. سومالىلار ئۈزلۈكسىز توپىلاڭ قىلىپ ساقچى ئاپپاراتلىرىغا زەربە بەردى. كىنىيە تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا توپىلاڭچىلارغا سومالى ھۆكۈمىتى ئوزۇق يەتكۈزگەن ۋە مەشىق قىلدۇرغان. كىنىيە مۇستەقىل بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، جىموكىنىياتا 1963 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بۇيرۇق بېرىپ شىمالدىكى چېگرا رايونلار جىددىي ھالەت ئېلان قىلدى. بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ يامانلاشتۇردى. 1964 ـ يىلى 2 ـ ئايدا سومالى قوراللىق خادىملىرى كىنىيە زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلى ئىچىدە سومالىنىڭ كىنىيەگە قويغان زېمىن تەلىپى ھېچقانداق قوللاشقا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئۇ شىمالىي چېگرا رايونلاردىكى توپىلاڭلارنى بىۋاسىتە قوللاش يولىنى تۇتۇپ، كىنىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتمەكچى بولدى. توپىلاڭ ئۈچ يىلغا داۋاملىشىپ كىنىيە ھۆكۈمىتىنى بىر قاتار قاتتىق تەدبىرلەر بىلەن باستۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىش تۈگىمىدى.

1967 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سومالى جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ سايلىمى ئادىن. ئابدۇللا. ئوسماننى تەختتىن چۈشۈردى. يېڭىدىن تەختكە چىققان مۇھەممەد. ھاجى. بولاشىمۇ ئەجەر (زۇڭتۇڭ شىرمەجىھ) قورال كۈچى بىلەن ئەمەس سىياسىي تەدبىر بىلەن سومالىلىقلارنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەكرەك مايىللاردىن ئىدى. 8 ـ ئايدا سومالى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىمالدىكى چېگرا رايونلار مەسىلىسىدە كىنىيە بىلەن سۆزلىشىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى جاكارلىدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ، 14 ـ كۈنلىرى كىنشاسادا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت

باشلىقلىرى يىغىنى مەزگىلىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەتتىن كېيىن جاكارلانغان بىرلەشمە باياناتتا ئىككى تەرەپ بىر تۇرلۇك كېلىشىم ئىمزالىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: قارشى تەرەپنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە زېمىن پۇتۇنلۇكىگە ئۆزئارا هۆرمەت قىلىش، چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە خاتىرجەملىك ۋە ئەمىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە زىت بارلىق تەشۋىقاتنى توختىتىش دېمەكتىن ئىبارەت ئىدى.

1967 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى كىنىيە بىلەن سومالى تانزانىيىنىڭ ئارۇشا دېگەن يېرىدە بىر تۇرلۇك بىتىمگە قول قويۇپ كىنشاسادا قوللىنىلغان تەدبىرلەرنى تەستىقلىدى. ئىككى دۆلەت هۆكۇمەتلىرى يەنە بىر ـ بىرىگە قاراتقان خەۋپسىزلىك تەدبىرلىرىنى تەدرىجىي بىكار قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى هەم ئىككى دۆلەتنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشكە هازىرلاندى. كىنىيە، سومالى ۋە زامبىيىدىن ئىبارەت يەنە بىر ئۇچ تەرەپ كومىتېتى شىددەتلىك يىغىن چاقىرىپ پۇتۇلگەن بىتىملەرنىڭ ئىجرا بولۇش ئەهۋالىنى تەكشۇرۇپ تۇردى هەم كىنىيە بىلەن سومالى ئارىسىدىكى زور مەسىلە ۋە ئىككىلەمچى سۇركىلىشلەرنى هەل قىلىشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى هەققىدە ئىزدەندى.

گەرچە بۇنىڭلىق بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى سۇركىلىش تېخى هەل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، سىياسىي بىلەن هەل قىلىش يولىغا كەلدى. پۇتۇشكەن كېلىشىملەردىن قارىغاندا سومالىنىڭ يېڭى هۆكۇمىتى ئەمەلىيەتتە هازىرقى هالەتنى ساقلاشقا قوشۇلدۇ. 1967 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۇنى سومالى كىنىيە، ئوروگۋاي ۋە تانزانىيىدىن تەشكىل بولغان شەرقىي ئافرىقا ئورتاق بازىرىغا

قاتنىششقا رەسمىي ئىلتىماس سۇنۇپ، سومالى ھۆكۈمىتىنىڭ رايونلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھەمكارلىقىنى ھەممىنىڭ بېشىغا قويغانلىقىنى كۆرسەتتى.

### سومالى —— ئېفىئوپىيە ماجىراسى

سومالى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مىللىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېفىئوپىيىگىمۇ زېمىن تەلىپى قويدى. بۇ زېمىننىڭ دائىرىسى ئېفىئوپىيە چېگرىسى ئىچىدىكى سومالىلار ياشايدىغان جايلارنىلا ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم سومالىلار يايلاق قوغلىشىپ قەدىمى تەگكەن زېمىنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئىككى تەرەپنىڭ سۈركىلىشى تەخمىنەن مۇنداق بىرنەچچە باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

بىرىنچى باسقۇچ: (1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1963 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە) سومالى ئېفىئوپىيىگە زېمىن تەلىپى قويدى.

سومالى مۇستەقىل بولغاندا ئەينى چاغدىكى سومالى مىللىي بىرلىكنى مۇچىلىرى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئونىست بېۋىننىڭ تەكلىپىنىڭ تەسىرىدە بارلىق سومالى ئاھالىلىرى ياشاۋاتقان ۋە مال باققان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئېفىئوپىيىدىكى رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارنىڭ ھەممىنى سومالى دۆلىتى قويىنغا ئېلىشقا بەل باغلىدى. سومالى ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن تەلىپى سەۋەبلىك ئېفىئوپىيە بىلەن سومالىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. 1961 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ھەرقايسى دۆلەت باشلىقلىرى چاقىرىلىپ سومالى ئېفىئوپىيە دۆلەتلىرى سۆھبەت ئارقىلىق سۈركىلىشنى ھەل قىلىشقا ئۈندەلدى. ئەمما 1961 ـ يىلى 10 ـ، 12 ـ ئاي مەزگىلىدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئەكسىچە تېخىمۇ

جىددىيلىشىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ گېزىت ۋە رادىئولىرى قارشى تەرەپكە زەھەرخەندىلىك بىلەن تەگدى. چېگرا مەسىلىسى ئاۋۋەلكى ئازلىمىدى.

1963 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى ئەددىس ـ ئەبەبەدە قۇرۇلغانلىق يىغىنى ئاچتى. سومالى زۇڭتۇڭى ئادىن. ئابدۇللا ئوسمان سۆز قىلىپ مۇستەملىكە مەزگىلىدە سۇنئىي سىزىلغان خەرىتىنىڭ سومالى خەلقىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەنلىكىنى، شۇڭا سومالى جۇمھۇرىيىتىگە قوشنا سومالى ئاھالىلەر جايلاشقان رايونلاردا ئۆزى قارار قىلىشنى يۇرگۈزۈپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ سۆزى ئېفىئوپىيىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. ئېفىئوپىيە ۋەزىرى سومالىنى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۇرگۈزۈۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلەپ، بارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئافرىقا زېمىنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھۆرمەت قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى ماجىرانى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا زور كۆپچىلىك دۆلەتلەر ئافرىقا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى چېگرىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇردى، سومالىنىڭ قاراشلىرى رەت قىلىندى.

ئىككىنچى باسقۇچ: (1964 —— 1968) توقۇنۇشتىن سۆھبەتلىشىشكە ئۆتۈش

1964 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ ئايدا ئىككى دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشتا سومالى ھەربىي تەرەپتىن باشقا ئېفىئوپىيىگە قارشى تۇرىدىغىنى يەنە ئوجدىن ئۆلكىسىدىكى سومالى توپىلاڭچىلىرى بار ئىدى. سومالى رەھبىرى مۇختار تاسىر ئۆزىنى «ئازادلىق ھۆكۈمىتى»

زۇڭلىسى دەپ ئاتىدى. ئېفىئوپىيە سۇمالى ئايروپىلانلىرىنىڭ ئېفىئوپىيە ئاسمىنىغا تاجاۋۇز قىلغىنىنى ئەيىبلەپ، سۇمالى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى يەنە ئېفىئوپىيىنىڭ جىجگا ئۆلكىسىگە هۇجۇم قىلدى، ئىككى تەرەپ زور كۆلەمدە تۇتۇشتى، سۇمالى ئەسكەرلىرى چېكىندۇرۇلدى.

شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئېفىئوپىيە تەرەپ سومالى قىسىملىرىنىڭ دابرا ـ گىلىيالاردا يەنە هۇجۇمغا ئۆتكىنىنى ئەيىبلىدى. سومالى هۆكۈمىتىمۇ ئېفىئوپىيە هاۋا ئارمىيىسىنىڭ سومالى شەهەرلىرىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى، ئېفىئوپىيە قىسىملىرىنىڭ ئوقدىشىغا بارىدىغان تاشيولدىكى قاراۋۇلخانىدىن ئۆتۈپ بىر قىسىم كەنتلەرنى ئىگىلىگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. دەل ئاشۇ ئېفىئوپىيىنىڭ هۇجۇمىغا قارىتا زەربە بېرىش ئۈچۈن سومالى هاۋا ئارمىيىسى توگۇاجانى بومباردىمان قىلدى.

توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئافرىقا بىرلىك تەشكىلاتى ۋە ب د ت ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق بىلەن توقۇنۇشى هەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا بىلەن سوۋېت هۆكۈمىتىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ دۈشمەنلىشىش هەرىكەتلىرىنى توختىتىشقا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت هەربىي پائالىيەتلىرىنى دەرهال توختىتىشقا كۆندى. 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ، 29 ـ كۈنى ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى مىنىستىرلار كېڭەش مەجلىسىدە يىغىن ئاچتى. يىغىن بىر تەرەپتىن، ئىككى تەرەپ هۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۇرۇش توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى تەبرىكلىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە بىر نۆۋەتلىك دۆلەت ۋە هۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنىدا سومالى ئېفىئوپىيە سۆهبەت نەتىجىسى هەققىدە دوكلات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى سۇدان پايتەختى خارتومدا سۆهبەت ئۆتكۈزدى هەم 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى چېگرا بويلىرىدا تىنچلىقنى ساقلاشقا ئىككىلا تەرەپ چېگرىدىن ئۆز قىسىملىرىنى ئارقىغا چېكىندۈرۈشكە، بارلىق دۈشمەنلىك تەشۋىقاتلىرىنى توختىتىپ، سۆھبەتنى باشلاشقا ھەم بۇنى كېيىنكى نۆۋەتلىك ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار يىغىنىدىن بۇرۇن تۈگىتىشكە قوشۇلدى.

يۇقىرىقى كېلىشىم ئىككى تەرەپكىلا كار قىلمىدى، ئىككى دۆلەت گېزىتلىرى، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرى يەنىلا قۇلاققا كىرىپ تۇردى. ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى ۋە بىر قىسىم ئافرىقا دۆلەتلىرى كېلىشتۈرۈشكە داۋاملىق تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، جىق نەتىجە چىقىرالمىدى. 1966 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سومالى زۇڭتۇڭى «سومالىلار بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈرىشىنى مەڭگۈ تاشلاپ قويمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئەمما 1968 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئابدۇللا رەشىد. ئېلى، شىرماج سومالىغا زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا سومالى زۇڭتۇڭى ئېفىئوپىيىنى زىيارەت قىلىپ قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئېفىئوپىيە يەنە ئالاھىدە قىلىپ خائود ۋە ئوگادېن رايونلىرىدىكى تۆت يىلغا سوزۇلغان جىددىي ھالەتنى بىكار قىلىشقا كاپالەت بەردى.

ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي شىرماج سۇيىقەستكە ئۇچرىدى. 1969 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سومالىدا يەنە بىر ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. سىياسىي ئۆزگىرىشتە تەختكە چىققان ئىنقىلابىي كومىتېت ياتلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان سومالىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قايتىدىن كۆتۈرۈپ چىقتى ھەم سومالىلارنىڭ بىرلىككە

كېلىش ئىشىغا ئەھدە قىلدى. بۇ سومالى ئېفىئوپىيە مۇناسىۋىتىگە يەنە سايە تاشلىدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: (1977 —— 1978 - يىللىرى)
ئوگادېن ئۇرۇشى

ئوگادېن رايونى ئېفىئوپىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. يەر مەيدانى 360 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر نوپۇسى 5 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ $\frac{1}{5}$ سومالىلار، 1969 - يىلى سومالىدا ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن، سىياسىي ئۆزگىرىش ياسىغان ھەربىيلەر ئېفىئوپىيە بىلەن بولىدىغان چېگرا ماجىراسىغا بىر مەزگىل قاراپ تۇردى. ئەمما 70 - يىلىدىن كېيىن ئىككى ئىش سومالىلارنىڭ مىللىي بىرلىكىزمچىلىرىنىڭ ئىستىكىنى قوزغاتتى. بىرىنچىدىن، ئېفىئوپىيە ئوگادېن ئۆلكىسىدە يىللاپ - يىللاپ ئۇرۇشۇپ دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. ئىككىنچىسى، ئوگادېن رايونىدا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايقالدى. بۇ ئىككى ئامىلغا ئەزەلدىن بار مىللىي بىرلىكچىزىم ئىستىكى قوشۇلۇپ سومالى ھۆكۈمىتىنىڭ ئېفىئوپىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئىرادىسىنى قوزغاتتى. 1977 - يىلى 7 - ئايدا سومالى ھۆكۈمىتى ئېرىترىيە ئازادلىقىنى قوللاشنى باھانە قىلىپ، ئوگادېن رايونىغا زور كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپىدە سومالى ئارمىيىسى ھازىرلىقى يېتەرلىك بولغانلىقتىن قولى يەتكەنلىكى يەرنى ئالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئېفىئوپىيە ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇم تەشكىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېت ۋە كۇبانىڭ زور كۆلەمدىكى ياردىمى بىلەن ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش بولدى. سومالى ئارمىيىسى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئافرىقىدا زور كۆپچىلىك دۆلەتلەر سومالىنىڭ ھۇجۇمىنى «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن سومال

خەلقئارادىمۇ يېتىم قالدى. ئەخلاقىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى پايدىسىز مۇھىتتا سومالى ھۆكۈمىتى 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. ئەمما ئوگادېن مەسىلىسى پەقەت ھەل بولمىدى.

## چوڭ كۆل رايونىدىكى مىللەت ۋە چېگرا مەسىلىسى

يۇقىرىدا بايان قىلغان ئوتتۇرىغا چىقىپ بولغان ماجىرالاردىن باشقا ئافرىقىدىكى بىر قىسىم يىنھان تۇرغان چېگرا ۋە مىللىي ماجىرا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە تېخى پارتلىمىدى. ئەمما ئۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، خالاس. 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت پارچىلىنىپ، «سوغۇق ئۇرۇش» ئاخىرلاشتى. توقۇنۇشنى يۇگەنلەپ تۇرغان خەلقئارا ئامىل كەلمەسكە كەتتى. بىر قىسىم يىنھان مەسىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئاشكارىلىنىپ كۆل رايونىدىكى مىللەتلەر بىلەن چېگرا مەسىلىسى دىققەتنى بەكرەك تارتتى.

ئاتالمىش چوڭ كۆل رايونى دېگىنىمىز، ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىدىكى زايىر، رۋاندا، بۇلاندى ۋە تانزانىيە تۆت دۆلەتنى كۆزدە تۇتقان بولۇپ، تارقىلىش جەھەتتە تانگانىكا كۆلى، كىۋۇ كۆلى ۋە ۋىكتورىيە كۆلى ئەتراپىغا جايلاشقاچقا، كىشىلەر يۇقىرىدىكى دۆلەتلەر جايلاشقان رايونلارنى چوڭ كۆللەر رايونى دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن، ئافرىقىنىڭ باشقا جايلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇلۇق كۆللەر رايونىدىكى خەلقئارا ماجىرا ئاساسلىقى دۆلەت ئىچىدىكى رەھىمسىز مىللىي توقۇنۇشلاردا ئىپادىلىنىدۇكى، ئەمما ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ھەربىر ئاساسلىق مىللەت يەنە كۆپرەك چېگرا ئاتلىغان مىللەتتۇر. شۇڭا

دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي توقۇنۇش ئېغىر خەلقئارا توقۇنۇشنى پەيدا قىلىدۇ. خەلقئارا دەتالاشقا يەنە چېگرىنى ئۆزگەرتىپ بىر مىللەتلىك دۆلەت قۇرۇش نىيەتلىرى يوغۇرۇلغان.

چوڭ كۆللەر رايونىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مىللىي مەسىلە دەسلەپ رۋاندا بىلەن بۇرولددىن ئىبارەت ئىككى كىچىك دۆلەتتە كۆرۈلگەن. بۇ ئىككى دۆلەتتە يۈز بەرگەن ئېغىر مىللىي توقۇنۇش بىلەن ئىككى دۆلەتتىكى مىللەت قۇرۇلمىسى تارىخىي جۇغلانما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى بىردەك ئۈچ مىللەتتىن قۇرۇلغان بولۇپ نوپۇس نىسبىتىمۇ ئاساسەن ئوخشاش. نوپۇسى ئەڭ ئاز تىۋالار ( 0.5% ـ 1% نى ئىگىلەيدۇ) دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئېتىبارسىز، خۇتۇلار ئەڭ كۆپ مىللەت بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 85% تىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر مۇھىم مىللەت تۇسىلار 14% ئەتراپىدا بار. گەرچە خۇتۇلارنىڭ نوپۇسى ئىككى دۆلەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما تارىختا ئۇلار ئەزەلدىن سىياسىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندىكى مىللەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنى ناھايىتى چوڭقۇر تۆردە سىنىشقا مۇپتىلا قىلغان خۇتۇلار بولسا ھوقۇقسىز ئورۇندا بولۇپ كەلگەن. غەرب مۇستەملىكىچىلىرى كەلگەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا گېرمانىيە ۋە بىلگىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولدى. مۇستەملىكىچىلەر يۈرگۈزگەن ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى ئىككى دۆلەتنىڭ ئىرقىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياسىمىدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى مىللىي توقۇنۇشلارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئافرىقىدا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. رۋاندا ۋە بۇرۇندى بىردەك مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. ئەمما مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن،

ئىككى مىللەتكە ھوقۇقنى قانداق تەقسىملەش دۆلەت تەرەققىياتىغا تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. ئەزەلدىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا بولۇپ كەلگەن تۇتسىلار ھازىرقى ھالەتتە بولۇشنى ئىستەيتتى. ئەمما نوپۇس جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتىكى ئويغانغان خۇتۇلار داۋاملىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ پىشاگى بولۇشنى خالىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى مىللەتنىڭ زىددىيىتى تېزلىكتە ئەۋج ئالدى. 1959 ـ يىلى رۋاندادىكى خۇتۇلار زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ قىلىپ تۇتسىلار پادىشاھىنى بىكار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىق ئوتتۇرىغا چىقتى. نەچچە يۈز مىڭ تۇتسىلار تالاپەتكە ئۇچرىدى. 100 مىڭى ئوگاندا ۋە تانزانىيىگە قېچىپ بېرىۋالدى. خۇتۇلار ھۆكۈمرانلىقنى ئالغاندىن كېيىن تۇتسىلارنى سىقىپ چىقىرىش ۋە زەربە بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تارىختىي ئۆچمەنى ئالماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى زىددىيەت ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاپ كەتتى. 1963 ـ يىلى، 1967 ـ يىلى، 1973 ـ يىلى يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم زور كۆلەملىك توقۇنۇش بولۇپ، نەچچە يۈز مىڭ ئادەم جېنىدىن ئايرىلدى.

1959 ـ يىلىدىن 1973 ـ يىلىغىچە بولغان ئون نەچچە يىل مابەينىدە زور كۆلەمدىكى تۇتسىلار چەتكە چىقىپ كەتتى. رۋاندا ھۆكۈمەت تەرەپ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا 1990 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە قوشنا ئەللەردىكى رۋاندا مۇساپىرلىرى 500 مىڭدىن ئارتۇق.

ئوگاندا رۋاندانىڭ شىمالىدا بولۇپ ئۇ تۇتسىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت، شۇڭا رۋاندادىكى تۇتسى مۇساپىرلىرىنىڭ كۆپى بۇ دۆلەتكە قېچىپ كەلگەن. رۋاندا ھۆكۈمىتى ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلغان تۇتسىلارنى مەڭگۈ

قايتىپ كەلمىسكەن دەيدۇ. شۇڭا مۇساپىرلارنىڭ قايتىپ كېلىش تەلىپىگە ھېچقاچان قۇلاق سالمىدى. ئەكسىچە مۇساپىرلارنىڭ پوزىتسىيىسى تىنچ يول بىلەن قايتىشقا بولمىغاندىن كېيىن قان كېچىپ ۋەتەننىڭ يولىنى ئېچىش بولدى. 1979 - يىلى تۇسى مۇساپىرلىرى ئۇگاندادا رۋاندا «مەملىكەت بىرلىك ئىتتىپاقى»نى قۇردى. 1987 - يىلى ئۇ «رۋاندا ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچىنى قۇرۇپ «قوراللىق ۋەتەنگە قايتىش» لازىملىقىنى جاكارلىدى. 1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رۋاندا «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى»نىڭ رەھبىرى فېرىدى لۇۋىجىيىميا 2000 قوراللىق مۇساپىرنى يېتەكلەپ ئۇگاندادىن رۋانداغا كىرىپ، رۋاندا ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى. ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، رۋاندا ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ھەممىلا يەردە بۇرنىغا يەپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتى ياخشى فرانسىيە، بېلگىيە ۋە رۋاندانىڭ بىر قىسىم قوشنىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ كېلىشتۈرمىچىلىك قىلىپ، ئىككى تەرەپنى سۆھبەتكە ئەكەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىككى تەرەپ ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تانزانىيىنىڭ ئارۇشادا رەسمىي ھالدا سۆھبەت باشلىدى. سۆھبەت بىر يىلدەك داۋاملىشىپ بىر قاتار كېلىشىملەرگە كەلدى. 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى زۇڭتۇڭ ھاپيىيانا بىلەن «ۋەتەنپەرۋەر فرونتى» رەئىسى كانىبلونجا «رۋاندا تىنچلىق كېلىشىمى»گە رەسمىي قول قويۇپ، يېقىنقى ئۈچ يىلدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. ئەمما تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى «تىنچلىق كېلىشىمى» ئۇنداق ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىپ كەتمىدى. تىنچلىق تەرەققىياتىنىڭ

قەدىمى تولىمۇ جاپالىق بولدى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە زۇڭتۇڭ ھاپيانا بۇرۇندىنىڭ زۇڭتۇڭى ئولتۇرغان ئايروپىلانغا راكېتا تېگىپ قوش كېلىشمەسلىك بولدى. بۇ بەختسىزلىك دەرھاللا رۋاندادىكى جاھاننى تاڭ قالدۇرغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ پىلتىسى بولۇپ كەتتى.

ھابلىياما كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغان شۇ كۈنى تۇتسىلارنى ئاساس قىلغان زۇڭتۇڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى بىلەن ئارۇشا «تىنچلىق كېلىشىمى» بويىچە پايتەخت كىگالىدا تۇرۇۋاتقان «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» ئەسكەرلەر ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئىككىنچى كۈنى ۋەزىپىگە چىققىلى ئۇزۇن بولمىغان تۇتسىلاردىن بولغان ئايال زۇڭلى ئا. ۋوۋىلىنجىمۇزانا بىلەن ئۈچ نەپەر ھۆكۈمەت مىنىستىرى خۇتۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋەزىيەت تېزلا يامانلاشتى. ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى ئاساسىي كۈچى پايتەختكە ئاتلاندى. رۋاندا ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئارقا ـ ئارقىدىن چېكىنىپ 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى بازا گېسېنىنىمۇ بېرىۋەتتى. ئىككىنچى كۈنى «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» قىسىملىرىنىڭ باش بۇغى گېنېرال بۇلۇ كازامى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» ناھايىتى تېزلا تۇتسىلاردىن تەشكىللەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ھۆكۈمەت قۇردى. بۇ قېتىمقى ئىچكى ئۇرۇش پەقەت ئۈچ يېرىم ئايلا داۋاملاشتى. ئەمما، دەھشەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. تەخمىنەن 500 مىڭ كىشى ئۆلدى، 200 مىڭ كىشى مۇساپىر بولدى، ماددىي زىياننى ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ.

تۇتسىلار 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا رۋاندادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆز مىللىتىنىڭ بۇرۇندىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تەۋرىمىدى. ئەمما تۇتسى

ھۆكۈمىتىنىڭ خۇتۇلارغا قىلغان ئادالەتسىزلىكى تۈپەيلى ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى ماجىرا ئۈزۈلمىدى. 1969 ـ، 1972 ـ، 1988 ـ يىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈچ قېتىم زور كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش بولدى. نەچچە يۈز مىڭ ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپ، بىر مىليون ئادەم يات ئەللەرگە سەرگەردان بولدى. 1988 ـ يىلىدىكى توپىلاڭدىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى زۇڭتۇڭ بۇيويا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەجلىسى كومىتېتى قۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە دوكلات» نى تەييارلاپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىتابنامىسى» تۈزۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ھۆكۈمەت قۇرۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بولغان ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي خەلقئارا ۋەزىيەت تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. غەربنىڭ «دېموكراتىيە» شامىلى شەرقىي ياۋروپا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئافرىقىغا كەلدى. 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇرۇندى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق كۆپ پارتىيە سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۆزگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن بۇيويا خۇتۇلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان ئۆكتىچى پارتىيە «دېموكراتىيە فرونتى» نامزاتى ئىندايىيجىگە يېڭىلدى. مەزكۇر پارتىيە پارلامېنتنىمۇ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇتسىلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى.

ئەمما ئىش ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ئىزچىل ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا بولۇپ كەلگەن تۇتسىلار ھەرگىز ئۇنداق ئاسانلا سىياسىي ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ. سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا تۇتسى ياشلىرى پايتەخت بۇجۇمبۇرانىڭ كوچىلىرىغا چىقتى. تۇتسىلارنى ئاساس قىلغان ئارمىيىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قوراللىق ئۆكتەملىك قىلدى. 1993 ـ يىلى

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بۇرۇندى ئارمىيىسىنىڭ باش سەنموجاڭى بىر بۆلۈك قىسىملارنى باشلاپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ زۇڭتۇڭ ئىندارايى، پارلامېنت باشلىقى ۋە بىرمۇنچە ھۆكۈمەت مىنىستىرلىرىنى تالاپەتكە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇندى 1988 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قانلىق توقۇنۇشقا پاتتى. قىسقىغىنا ئىككى ئايغىچە ۋاقىتتا ئاز دېگەندە 50 مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى، 800 مىڭ مۇساپىر قوشنا ئەللەرگە قاچتى. ئەمما ئىچكى ـ تاشقى بېسىم ئاستىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان تەرەپ ناھايىتى تېزلا ھوقۇقنى تاپشۇردى. 1994 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بۇرۇندى پارلامېنتى ئىتالىيانانى زۇڭتۇڭلۇققا تولۇقلاپ سايلىدى. بىراق، ياخشى كۈن ئۇزۇن بولمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇ زۇڭتۇڭ رۋاندا زۇڭتۇڭى ھەبىلىيە بىلەن بىللە قەستكە ئۇچرىدى. گەرچە بۇ قېتىمقى ھادىسە بۇرۇندىدا زور كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق قوزغىمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دۆلەتتىكى مىللىي زىددىيەت يەنىلا ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى. كىچىك كۆلەملىك توقۇنۇشلار دائىم بولۇپ تۇردى. مۇساپىرلارنىڭ قايتىشىمۇ تەسكە توختىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ زىددىيىتى پارتىيىلەر ئارىسىدىكى كۈرەش، سىياسىيونلارنىڭ ھوقۇق تالىشىشى دېگەندەك ئامىللار قوشۇلۇپ سىياسىي ۋەزىيەت ئىزچىل مۇقىم بولمىدى.

رۋاندا بىلەن بۇرۇندىدىكى ئىككى ئاساسلىق مىللەت ئارىسىدا زور كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، زايىرنىڭ شەرقىي تاغلىق رايونىدا ياشايدىغان تۇتسىلارمۇ زايىر ھۆكۈمىتىنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىسى سەۋەبلىك قوراللىق قارشىلىققا ئۆتتى. زايىر تۇتسىلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب 1995 ـ يىلى 4 ـ ئايدا زايىر ھۆكۈمىتى ماقۇللىغان بىر قارار

بولۇپ، بۇ قارار زايىرنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان تۇسىلار ۋە بانيامىلۇگىلارنىڭ زايىر پۇقرالىقىغا ئېرىشىش هوقۇقىنى يوق قىلىۋەتكەن. 1995 - يىلى 9 - ئايدا هۆكۈمەت تۇسىلارنىڭ مۈلكىنى ئېنىقلىغان ئاندىن بۇلارنى مۇسادىرە قىلىپ ئادەملەرنى قوغلىغان. هۆكۈمەتنىڭ قۇترىتىشى بىلەن شۇ يەردىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاپ بانيامىلوگىلار بىلەن ئۇرۇشىدىغانغا ئارقا - ئارقىدىن قوراللىق هازىرلاندى. بۇ بانيامىلوگىلار بىلەن تۇسىلارنىمۇ قوراللىنىپ ئۆزلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر قىلدى. 1995 - يىلى 11 - ئايدا زايىر هۆكۈمىتى، ئارمىيە ۋە يەرلىكلەر تۇسىلارغا هەرىكەت قوللىنىپ تۇسىلارنى مەجبۇر قوغلىدى، نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. 1996 - يىلى 9 - ئايدا زايىر هۆكۈمىتى نىشانىنى بانيامىلوگىلارغا توغرىلىدى. ئۇلار مەجبۇرىي قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتتى. رۋاندا ئارمىيىسىمۇ چېگرىدىن ئۆتۈپ زايىردىكى تۇسىلارنى قوللىدى. نەتىجىدە ئىنتىزامى چېچىلاڭغۇ زايىر هۆكۈمەت ئارمىيىسى مەغلۇپ بولدى. تۇسىلار رۋاندا ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن زايىرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى كونترول قىلدى.

رۋاندا، بۇرۇندى ۋە زايىردىكى ئىرقىي توقۇنۇش هەرقايسى دۆلەتلەردە زور كۆلەمدىكى قانلىق توقۇنۇش ۋە مۇساپىرچىلىقنى پەيدا قىلىپلا قالماي، بەلكى چوڭ كۆللەر رايونىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا خەلقئارالىق ماجىرالارنى قوزغىدى. توقۇنۇشتىكى ئاساسىي مىللەت تۇسى ۋە خۇتۇلار چېگرا هالقىغان مىللەتلەر بولغاچقا، دائىم بىر دۆلەتتە ئىش چىقسا مۇساپىرلىرى ئۆز خەلقى هوقۇق تۇتۇۋاتقان قوشنا ئەللەرگە قېچىپ كېلەتتى. ئۆز خەلقىنىڭ هۆكۈمەتلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن تەرتىپلىنىپ، روهلىنىپ قايتا كۆتۈرۈلەتتى. رۋاندا «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» دەل ئوگاندا مۇسەۋىنىنىڭ قوللىشىدا ئاندىن هوقۇق

تارتىۋالغانلاردۇر. ئوخشاشلا خۇتۇلارمۇ خۇتۇلار هوقۇق تۇتۇۋاتقان دۆلەتكە پاناهلىق تارتتى. شۇنداق قىلىپ ئىچكى قىسىمدىكى ئىرقىي توقۇنۇش مېزىنى باسسا تېزى، تېزىنى باسسا مېزى دېگەندەك خەلقئارلىق ماجىرالارنى قوزغايتتى. قوشنىلارنىڭ بىر - بىرىنى ئۆز زېمىنىدىكى هۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى قوللىدى دەپ ئەيىبلىشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، رايونلار ئارا هەمكارلىق ۋە تەرەققىياتقا ئېغىر توسالغۇ بولدى. شۇنىڭ چېگرىنى ئىسلاھ قىلىش ئويى پەيدا بولۇپ، ئىرقىي توقۇنۇش مەسىلىسىنى بىراقلا ئەبىدىيلىك هەل قىلىۋەتمەكچى بولدى. تۇسى سىياسىي رەهبەرلىرىنىڭ ئويى مۇنداق ئىدى: تۇسلار بىلەن خۇتۇلار ئۆزئارا قىرىشىپ يۇرگەندىن كۆرە، بۇ ئىككى دۇشمەننى ئاجرىتىپ بارلىق تۇسلارنى چوڭ كۆللەر رايونىغا قايتىدىن توپلاپ رۋاندا، بۇرۇندى ۋە زايىرنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تۇسىئىستان» قۇرۇش. فرانسىيە گېزىتلىرى رۋاندا بىر خەلقئارلىق يىغىن چاقىرىپ، چوڭ كۆللەر رايونىدىكى زېمىننى قايتىدىن بۆلۈشنى ئۇمىد قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئوگاندامۇ چوڭ كۆللەر رايونىدا تۇسلارنىڭ سەركىلىك ئورنىنى تىكلەشكە گۇمانلىنىپ قالدى. مەزكۇر دۆلەتنىڭ نوپۇسى ئاساسلىقى تۇسلار ۋە تۇسلار تەركىبىي بار ئېنىكلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، زوڭتۇڭ مۇساۋېينى پارتىزانلىق ئۇرۇشى بىلەن مەشغۇل چاغدا ناهايىتى نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەر 60 - يىللارنىڭ بېشىدا ئوگاندا جەنۇبىغا سەرگەردان بولغان رۋاندا تۇسى مۇساپىرلىرىدىن چىققانىدى. «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» يۇقىرى دەرىجىلىك رەهبىرى ف. لۇۋىجىيمىيا بۇرۇن، ئوگاندا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغان. يەنە گېنېراللىق

ئۈنىۋانىغا ئېرىشكەندى. «ۋەتەنپەرۋەرلەر فرونتى» نىڭ رىۋاندا ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى يېڭىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قايتا تىكلىشىنى مۇساۋىيىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەرنىڭ گۇمانلانغىنى بىكار ئەمەس.

60 ـ يىللاردا ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى مۇستەملىكە مەزگىلىدىكى چېگرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دەيدىغان پرىنسىپنى بېكىتكەچكە، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ چېگرىنى ئۆزگەرتىش تەلىپى ئەمەلگە ئاشماي كەلدى. شۇڭا چوڭ كۆللەر رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر چېگرىنى قايتا بېكىتىشىنى دۆلەتنىڭ بىر نىشانى سۈپىتىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالمىدى. ئەمما قانلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق، كەلكۈن كەبى مۇساپىرلار كۆچ ـ كۆچى، شۇنداقلا ھەرقايسى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىرقىي مەسىلىلەرگە بولغان ئۈمىدسىز پوزىتسىيىسى كىشىلەرگە چېگرىنى قايتىدىن بېكىتىش تەقەززاسى ھېس قىلدۇردى. ئەمما چېگرىنى بېكىتىشتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەر چوقۇم ئاسانلا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان كاشىلىلار ئىدى.

1. مەيلى رىۋاندا ياكى بۇرۇندى ۋە زايىردا بولسۇن، تۇتسىلار بىلەن خۇتۇلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان. بولۇپمۇ ئەسلىدە چارۋىچى بولغان تۇتسىلارنىڭ ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇقىم ئولتۇراق جايى يوق. شۇڭا تۇتسىلار دۆلىتىنى قۇرۇش ئويىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس.

2. خاس تۇتسىلار دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن نوپۇس جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتىكى خۇتۇلاردىن خالىي بولۇش لازىم. بۇنىڭ يولى بىر بولسا، خۇتۇلارغىمۇ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ بېرىش كېرەك، بولمىسا، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىش لازىم. ئەمما بۇ ئىككىلا ئۇسۇل قاملاشمايدىغاندەك قىلىدۇ. بىرىنچىدىن، تۇتسىلار بىلەن خۇتۇلار ياشايدىغان ئاساسلىق

دۆلەتلەردىن رۋاندا ۋە بۇرۇندىنىڭ زېمىنى بەك كىچىك، ئەمما ئىككىلا مىللەت غايەت كۆپ نوپۇس ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كەڭ ھاياتلىق زېمىنى كۆزلەيدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمايدۇ. ئىككىنچىدىن، مىللەتنى ساپلاشتۇرۇش تېخىمۇ ماڭغىلى بولمايدۇ، ئىككىلا مىللەت چېگرا سىرتىدىكى قېرىنداشلىرى باشقۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ زور كۈچى بىلەن قوللىشىنى دېمىگەندە مۇنداق قىلىشنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قەتئىي قارشىلىقى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغىنىنى تېخىمۇ تىلغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ بۇ يول مەنزىلگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا" چاپىدۇ.

3. ناۋادا چوڭ كۆللەر رايونىدا چېگرا قايتا بېكىتىلسە، ئۇنداقتا چوقوم ئافرىقىدا بىر ئۈلگە تىكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چېگرىنى قايتا سىزىش تەلەپلىرى تۆپە - تۆپىلەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنى ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى، ئافرىقىدىكى زور كۆپ ساندىكى دۆلەت ۋە خەلقئارا جەمئىيەتلەر ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، چوڭ كۆللەر رايونىدا چېگرىنى قايتا سىزىش تىرىشچانلىقى ئافرىقا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

يۇقىرىقى كاشىلىلارنى ئوڭشاش تەس بولغانىكەن ئۇنداقتا چېگرىنى قايتا سىزىش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس. مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر چوقۇم ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ھەقىقىي ماس كېلىدىغان مىللىي سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىش شەرتكى، تارىخىي بوغچىنى چۆرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ شۇنىڭلىق بىلەن ئىرقلار ئارىسىدىكى ياتلىقنى يوقىتىشقا شارائىت يارىتىشى لازىم.

# ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا مەسىلىسىگە بولغان پوزىتسىيىسى

ئافرىقا دۆلەتلىرى ئىچىدە مۇستەملىكىچىلەر بېكىتكەن چېگرىغا ئىككى خىل پوزىتسىيە بار. بىرى، ئۆزگەرتكۈچىلەر تەرەپدارلىرى؛ يەنە بىرى، تەستىقلىغۇچىلار تەرەپدارلىرى. باشتا ئۆزگەرتكۈچىلەر تەرەپدارلىرى ھەققىدە سۆزلەيلى.

ئافرىقىدىكى زور كۆپچىلىك دۆلەتلەر تېخى غەرب مۇستەملىكىسىدە تۇرغان چاغدا كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىش تەرەپدارلىرى ياكى مۇستەملىكىچىلەر ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تاڭغان چېگرىنى بىكار قىلىش تەرەپدارلىرى ئىدى. 1958 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ، 13 ـ كۈنلىرى ئوركلادا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئافرىقا خەلقئارا قۇرۇلتىيى چېگرا مەسىلىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قارار ۋە بەلگىلىمە چىقارغان. جاھانگىر ئۇنسۇرلار ئافرىقا خەلقىنى پارچىلاش ئۈچۈن بەلگىلىگەن چېگرا ۋە سۈنئىي چېگرا سىزىقلىرىنىڭ ئافرىقا خەلقىگە زىيان سالغانلىقىنى ئويلاشقاندا، ئۇنى چوقۇم بىكار قىلىش ياكى ئۆزگەرتىش لازىم. بىر مىللەتنى پارچىلىغان ياكى بىر قان سىستېمىسىدىكى ئادەملەرنى ئايرىۋەتكەن چېگرىنىڭ تەبىئەتكە خىلاپلىقلىقى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ تىنچ ۋە مۇقىملىقنىڭ ئاملى بولالمايدۇ. شۇڭا تۇنجى نۆۋەتلىك ئافرىقا خەلقلىرى قۇرۇلتىيى قارار قىلىدۇكى، بىرىنچى، جاھانگىر مۇشتۇمزورلار ئافرىقىلىقلارنى پارچىلاش ئۈچۈن بېكىتكەن سۈنئىي چېگرا بىكار بولىدۇ، بولۇپمۇ بىر مىللەتنى، بىر قان سىستېمىسىنى ئايرىۋەتكەن چېگرىلار بىكار بولىدۇ. ئىككىنچى، يېقىن مەزگىل ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ۋە خەلقلىرىنىڭ چىن ئارزۇلىرىغا بېقىپ مۇنداق چېگرىلار بىكار قىلىنىدۇ،

ئىسلاھ قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ئافرىقا مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلغۇچى دۆلەتلەر ھەل قىلغۇچ بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوۋۇۋەتلەيدۇ.

يۇقىرىقى قاراردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، 60 - يىللاردىن بۇرۇنقى ئافرىقىنىڭ ھەرقايسى مۇستەملىكىلىرىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى مىللىي بىرلىكىزمچىلىرىنىڭ پرىنسىپىنى قوۋۇۋەتلەيدۇ. كونكرېت مىللەتكە تاقاشقاندا ئۇلار بايرىقى روشەن ھالدا سومالىلارنىڭ بۈيۈك سومالى قۇرۇش غايىسىنى قوۋۇۋەتلىدى. 1960 - يىلى تۇنۇس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئافرىقا خەلقلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ سومالى زېمىنى ھەققىدىكى قارارى بۇ دۆلەتكە يۇرگۈزۈلگەن مۇستەملىكە زۇلۇمىنى ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سومالى زېمىنىدىكى خەلقلەرنى مۇستەقىللىققا، بىرلىككە ۋە ئۇلۇغ بىر سومالى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى ھەم قوللىدى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، سومالى ئاساسىي قانۇنىمۇ «قانۇنلۇق ۋە تىنچلىق يول بىلەن سومالىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» نى تىلغا ئالدى.

ئەمما زور كۆپچىلىك دۆلەتلەر 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، چېگرىنى ئۆزگەرتىش تەرەپدارلىرى ۋە مىللىي بىرلىكىزمچىلارنىڭ چېگرىنى بىكار قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش تىرىشچانلىقلىرى قايتا - قايتىلاپ ماجىرا ۋە توقۇنۇش ئېلىپ كەلدى. بۇ ماجىرا ۋە توقۇنۇش يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، دۆلەت ئىچىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر پۈتلىكاشاڭ بولدى. كىشىلەر ناھايىتى تېزلا چېگرىنى بىكار قىلىشنىڭ پەقەت خام خىياللىقىنى تونۇپ يەتتى. يەنە كېلىپ چېگرىنى ئىسلاھ قىلىشمۇ تۈگىمەس جېدەل

تېرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى ھالىنى ساقلاشنى تەۋسىيە قىلغۇچىلار ئۇستۇنلۇككە ئۆتتى.

1963 - يىلى 5 - ئايدا مۇستەقىل بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرى ئېفىئوپىيە* پايتەختى ئەددىس - ئەببەدە يىغىن ئېچىپ، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈپ، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان ئافرىقىدىكى 31 دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئافرىقا ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە خەلقئارا سورۇنلاردا كونا يېڭى مۇستەملىكىچىلىك ۋە بيۇروكراتلىققا قارشى كۈچلۈك ئارزۇسىدىن دېرەك بەردى. ئەمما بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىش ئۈچۈن، ئافرىقا باشتا چوقۇم ئىچكى قىسمىدىكى نىزا ۋە توقۇنۇشلارنى يوقىتىش لازىم ئىدىكى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاساسلىقى چېگرا تالاش - تارتىشنى كۆرسەتتى. شۇڭا چېگرالار قانچىلىك ئادالەتسىز ۋە قانچىلىك چولتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يېقىن زېمىننىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە ئافرىقا چېگرىلىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىق پرىنسىپى قۇۋۋەتلەندى. ئايرىم دۆلەتلەردىن باشقا زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر بۇ پرىنسىپنى تەستىقلاپ بېلەت تاشلىدى. بىر مىللەت بىر قەبىلىنىڭ سۇئىي ھالدا بۆلۈۋېتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغاندا نىگېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئۆز نۇتقىدا مۇنداق كۆرسەتتى:

ئافرىقا دۆلەتلىرى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن بۆلۈنگەن بۇ ئادەمنى قىسىندۇرىدۇ. بەزى يەرلەردە بىر مىللەت ئوخشىمىغان تۆت دۆلەتكە بۆلۈنگەن. كىشىلەر كىنىيىدىن بىر بۆلىكىنى مالىدىن بىر بۆلىكىنى سىيېررالېئوندىن يەنە بىر بۆلىكىنى تاپىدۇ. ھەتتا لىبېرىيىدە تېخى يەنە بىر بۆلىكىنى يوق دېگىلى

بولمايدۇ. -ۇنىڭغا نېمە دەيتۇق. چۈنكى بۇ ئوخشىمىغان گۈرۈھلار 60 نەچچە يىل شۇ ھالدا تۇردى. بىر ئافرىقا دۆلىتى بۇ ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلماقچى بولىدىكەن چوقۇم قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا نىگېرىيە ئافرىقىدىكى ھازىرقى چېگرالارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ماداگاسكارنىڭ دۆلەت باشلىقى چىشنا تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى:

ئىرق، دىن ئۆلچىمى بىلەن دۆلەت چېگرىسىنى بىكىتىش مۇمكىن ئەمەس ھەم قارشى ئېلىنمايدۇ. . . ناۋادا ئىرق، مىللەت، دىننى چېگرانى سىزىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىغان بولساق، ئۇنداقتا چوقۇمكى، نۇرغۇن ئافرىقا دۆلىتى خەرىتىدىن ئۆچىدۇ.

شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئاۋازلارمۇ بار. بۈيۈك سومالى قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدىغان سامالى جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى يىغىندا شۇنداق دەيدۇ:

بەزىلەر چېگرا كېلىشىمىنى ئۆزگەرتىدىغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇش پەقەت ۋەزىيەتنى يامانلاشتۇرىدۇ، شۇڭا ئۆزگەرتمەسلىك لازىم دەيدۇ، بىز بۇنداق قاراشلارغا قوشۇلمايمىز. . .

چېگرىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ پرىنسىپىغا بەكرەك پىكرى بىر دۆلەت ماراكەش. مەزكۇر دۆلەت بىلەن ماروتانىيە ۋە ئالجىرىيىلىكلەرنىڭ زېمىن ماجىراسى بار.

ناۋادا ئەددىس ئەبىبە يىغىنى پەقەت ئافرىقا چېگرىلىرىغا تەگكىلى بولماسلىق پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى دېيىلسە ئۇنداقتا 1964 - يىلى قاھىرىدە ئېچىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىدا تېخىمۇ كونكرېت يىغىن قارارى شەكلىدە بۇ پرىنسىپنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشچانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆرە قىلدى. شۇ يىلى

10 ـ ئايدا يەنىلا قاھىرەدە ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئىتتىپاق تۈزىمىگەن دۆلەتلەر ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنىدا چېگرىغا تەگكىلى بولماسلىق پرىنسىپى يەنە جاكارلاندى. يىغىن باياناتى كۆرسەتتىكى:

بۇ نۆۋەتلىك يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى كۆپ يىللىق كۈرەشتىن كېيىن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىكى بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيان سالىدىغان ھەرقانداق ئۇرۇنۇشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئۆزلىرى مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغاندا، بار چېگرىنى ھۆرمەت قىلىشقا كاپالەت بېرىدۇ.

ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەرنىڭ بۇ باياناتى بىلەن ئافرىقا بىرلىكى ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىغا تەگكىلى بولماسلىق پرىنسىپىنى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېتىراپ قىلغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە تېخىمۇ گۇمان قالمىدى. ئەمما، پرىنسىپ دېگەن يەنىلا پرىنسىپ ئىدى. سومالى جۇمھۇرىيىتى ئىزچىل ھالدا بۇ پرىنسىپنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇنىڭ بىلەن كىنىيە بولۇپمۇ ئېفىئوپىيە بىلەن بولغان ئوگادېن مەسىلىسى ھەل قىلىنماي ئافرىقا قولتۇقى رايونىدا ئىزچىل ھالدا جەڭگە ـ جېدەلنىڭ ئامىلى بولۇپ كەلدى

## خۇلاسە

ئافرىقىدا چېگرا ئاتالغان مىللىي مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش تەرەققىياتى ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىش پرىنسىپى، خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇ خىل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ناھايىتى ياخشى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇمەن

ئافرىقىدىكى بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن چېگرا ئاتالغان مىللىي ماجىرادىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇ.

1. ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا ۋە چېگرا ئاتالغان مىللەتلەرگە بولغان پوزىتسىيىسى (60 - يىلىدىن ئىلگىرى چېگرىنى ئۆزگەرتىش ۋە بىكار قىلىشنى قوللايتتى، 60 - يىلىدىن كېيىن قارشى تۇردى) ۋە مىللەتنى پۈتۈنلىگۈچىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى كۆرسەتتىكى مەيلى مىللەتنى پۈتۈنلەش بولسۇن، مەيلى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش بولسۇن، دۆلەت مەنپەئىتى ئالدىدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچنېمە ئەمەس، شۇڭا چېگرا ھالقىغان مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلغاندا، چېگرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشلارنىڭ ھەرقاندىقى كارغا كەلمەيدۇ.

2. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدا، سابىق يۇگوسلاۋىيە رايونىدا چېگرا ئاتالغان مىللىي مەسىلە كۆرۈلۈپ زور كۆلەملىك قانلىق توقۇنۇش ۋە تەييار تۇرغان توقۇنۇش پارتلاش نوقتىلىرى پەيدا بولدى. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى يېقىندىن پەيدا بولغان بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. بەزىلىرى بۇ دۆلەت بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. يېقىندىن قۇرۇلغان دۆلەتلەر يا ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى مىللىي تەركىبىنى ئۆزگەرتتى، يا ئۆز مىللىتىنىڭ دۆلەت ئىچىنى كۆچەيتىپ تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن كونا خامانىنى سورۇپ كەلدى. بەزىلىرى خەلقئارالىق مىللەت يىغىنى ئاچتى، بەزىلىرى مۇنازىرىنى بولۇشقا قويۇۋېتىپ، مىللىي تەلۋىلىكىنى قوزغاتتى. بەزىلىرى باشقا دۆلەت يۇقىرالىقىدىكى مىللىي قېرىنداشلىرىنىڭ ئاتالمىش دۈشمەن

تۆپرىقىدىن قايتىپ كېلىشىگە تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ، قوشنا دۆلەتلەردىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە كېلىشەلمەسلىك پەيدا قىلدى. يۇقىرىقىدەك نادانلىقلار ۋە بىر قىسىم تەنتەك ناتىقلىق سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى خەلقئارا سىياسىيسىدا يېڭى بىر مەنزىرە بولۇپ كېلىپ، بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ئەنسىزلىكىنى، غەم ئەندىشىلىرىنى پەيدا قىلدى. ئەمما تارىخىي تەجرىبىنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، خۇددى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش مىللەتنىڭ پۈتۈنلۈكى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

3. چېگرا ھالقىغان مىللەتلەر مەسىلىسى گەرچە چېگرىنى ئۆزگەرتىش ياكى مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ سەۋەبى بولالمىسىمۇ، ئەمما چېگرا ئاتلىغان مىللەت مەسىلىسى تارىخىي تەرەققىيات پەيدا قىلغان بىر خىل ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق ئۇ ھامان شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىيسى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە قوشنا ئەللەر مۇناسىۋىتىدە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل. بۈگۈنكى ئافرىقىدا چېگرا ئاتلىغان مىللەتنى پايدىلىنىپ، چېگرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىغان بىرەرى يوق دېيەرلىك. ئەمما، چېگرا ئاتلىغان مىللەت يەنىلا ئافرىقا سىياسىتىگە تەسىر قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. ئۇ دائىم بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە تەسىر كۆرسىتىشتىكى قورالى. شۇڭا چېگرا ھالقىغان مىللەت مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش رايونلارنىڭ خەلقئارا سىياسىيسىغا بولغان تەسىرى، يەنىلا ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر يولۇقۇۋاتقان ئۆتكۈر بىر تېما.

4. چېگرا ھالقىغان مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەنە تىنچسىزلىق ۋە توقۇنۇشنىڭ يىلتىزى. ئەمما يەنە دۆلەتلەر ئارا تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈگۈنى.

مەسىلىنىڭ نېگىزى مەيلى ئافرىقىدا بولسۇن ياكى باشقا قىتئەلەردە بولسۇن، بۇ خىل ھەمكارلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى چوقۇم زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ھەمكارلىقتا يامان غەرەزنى ئارىلاشتۇرماسلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش؛ باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش، خەلقئارا پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا دۆلەت بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ئاندىن رايون مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بېرىدۇ.

5. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلىسەك كىشىلەر ئەقىدە قىلىشقا تامامەن ھەقلىقكى، بىر مىللەت بىر دۆلەت ئەقىدىسى مۇكەممەل ھەقىقەت بولالمايدۇ. مۇشۇ پرىنسىپقا ئەقىدە قىلىپ كەلگەن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ ئىسپانىيىدە باسكلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى، بېلگىيىدە جەنۇبىي شىمال مىللەتلەر زىددىيىتى، شىمالىي ئىرلاندىيىدىكى ئەنگلىيىگە قارشى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ۋە ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى بۆلۈنۈش خاھىشلىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مىللىي مەسىلىلەرنى دېمەيلا قويايلى، شۇڭا مەيلى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مىللىي مەسىلە بولسۇن، مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي زىددىيەتلەر بولسۇن، بۇلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان خەلقئارلىق پرىنسىپ ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن مىللىي سىياسەت تۈزۈپ چىقىش، ھەرگىز مىللەتنى پۈتۈنلەش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئەمەس.

## 图书在版编目(CIP)数据

民族自决还是民族分裂/潘志平著;达吾提·乌布利译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.12
ISBN7-228-06826-2
Ⅰ.民… Ⅱ.①潘… ②达… Ⅲ.民族分裂主义—研究—世界—现代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①D06 ②D815

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 087311 号

责任编辑:阿布力米提·依明
责任校对:赛娜木·伊布拉音

**民族自决还是民族分裂**(维语尔文)

潘志平 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　　邮编 830001)
新疆新华书店发行
新疆希望印刷厂印刷
850×1168 毫米　1/32 开本　6.625 印张　2 插页
2001 年 12 月第 1 版　2001 年 12 月第 1 次印刷
印数:1——3000

ISBN7—228—06826—2/D·739　定价:10.00 元